

بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# المسلم الصيني

2

2000

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان
رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى .        (سۈرەتنى شىنخۇاشې تەمىنلىگەن )




2000-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىدا قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار جەم بولۇشۇپ ، بۇ قۇتلۇق ھېيتنى بىللە مۇبارەكلەشتى .
(سۈرەتنى سالىھ تارتقان )




2000-يىل 2-ئاينىڭ 23-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي ، شەمشىدىن ھاجى ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋەكىلى ئادنان قاتارلىقلار ئايرودرومغا بېرىپ ، بۇ يىلقى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج تاۋاپ ئۆمىكىنى ئۇزىتىپ قويدى .        (سۈرەتنى سالىھ تارتقان )



## مۇندەرىجە

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنىدا "قەسەم" توغرىسىدىكى شەرىئەت ھۆكۈمى
—بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇشقا
تىرىشايلى ........................ ئابدۇۋەھاب سۇلى ئىبلىن(3)

### «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى
........................ ھاجى يەھياسىنۇبەر لىن سۇلى (7)
«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى ئۆگىنىشنىڭ ئادىبى ئۇسۇلى ۋە بەزى
تەجۋىد ئەھكاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە
........................ قەمەردىن ئەھمەد (28)

### ۋەز-تەبلىغ

ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن
........................ ما گۈيىاۋ (45)

### خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

ماراكەشنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ........ ئادىل ھاجى كېرەم (48)
نورۋېگىيە دىنىي ئىشلار ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە
زىيارەتتە بولدى ................ ئادىل ھاجى كېرەم (49)

### ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا
قاتناشقان شىنجاڭلىق ۋەكىللەر ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە
يېڭىدىن سايلانغان ھەيئەت ئەزالىرى ئىسملىكى.......... (50)
2000-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا
مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ ۋەتەنگە
قايتىپ كەلدى ................ ئادىل ھاجى كېرەم (52)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: رىزۋانگۈل مامۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
بىسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسمازاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053، تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ،پوچتانومۇرى:830001، تېل: (0991)2566193
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：热孜万古丽・马木提
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京市宣武区南横西街103号)
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路119号
邮政编码：830001 电话：(0991)2566193

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى

قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى .................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (54)


## ئىسلام مائارىپى


شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى 3-قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ........................................ مۆھتەرەم ھاجى(55)

قۇمۇل ۋىلايىتىدە غەسسالەر كۇرسى ئېچىلدى ........................................ يۇنۇس ھاجى سادىق(55)

قاغىلىق ناھىيىسىدە 10-نۆۋەتلىك دىنىي زاتلار كۇرسى ئېچىلدى ............................ سىدىق تۇردى (55)

گۇما ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش خىزمىتى باشلاندى ........................ ئابدۇلئەھەت ئالىم(56)

تۇرپان ۋىلايىتىدە ئوقۇۋاتقان قارامايلىق تالىپلار مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتتى .................. شاھمەردان ئىمىننىياز(56)


## تۆھپىكار دىنىي زاتلار


تۆھپىكار دىنىي زاتلار ..........................................................................................................
... شاھمەردان ئىمىننىياز، كېرەم روزى، شاھمەردان ئىمىننىياز، ھامۇتجان مامۇت، يۇنۇس ھاجى سادىق، ئوسمان تۇرسۇن(57)


## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار .......................................... سىدىق تۇردى، ئەلى نۇر، نۇرەخمەت موللا(58)


## خەۋەرلەر


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى جامالىددىن بەي شۈيى ئالەمدىن ئۆتتى........................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(59)

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ 3-قېتىملىق "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى
.................................................................................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت(60)


## قىسقا خەۋەرلەر


قىسقا خەۋەرلەر ..........................................................................................................
............ ئوسمان جۇمە، ھەسەنجان قارىي، ھەسەنجان قارىي، ئوسمان تۇرسۇن، غالىبجان مۇھەممەت، ئابدۇلئەھەت ئالىم(61)


## ئوقۇمەنلەر ساداسى


بىز ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال ............................................ مۇھەممەتجان سىدىق (62)


## ھىجرىيە يىلنامىسى


ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى ................................ شەمشىددىن ھاجى (63)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى


ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىگە تەشەككۈر .......................................... «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(49)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: قەشقەر شەھىرى بۇلاق بېشى جامەسى. سۈرەتنى ئادىلجان ئابدۇقادىر تارتقان.

★ 2000-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

# ئىسلام دىنىدا "قەسەم" توغرىسىدىكى شەرىئەت ھۆكۈمى

## —— بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇشقا تىرىشايلى

**ئابدۇۋەھاب سۇلڭ ئىلىن**

"قەسەم قىلىش" (ئەرەبچە "اليمين"، دېيىلىپ "ئەھدى قىلىش"، "ۋەدە قىلىش" دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ) ئىسلام شەرىئىتىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان كەلىمەلەرنىڭ بىرىدۇر. قەسەم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ شەرىئەت ئەھكامىنى ئۇلۇغۋار تۈسكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا ئۇنىڭغا قارىتا قاتتىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە شەرتلىرى بەلگىلەنگەن.

ئىسلام شەرىئىتىدە، مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك ئەھدىلەر ئىچىدە ياشايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاغا قىلغان ئەھدىسىنىلا ئادا قىلىپ قالماي، بەلكى يەنە بەندىلەر ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك ئەھدىلەرنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئاللاغا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللانىڭ سىلە رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار — ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ"** (13- سۈرە، «رەئد»، 25 -ئايەت). قەسەم قىلىش — ئەھدىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا سەممىي، ئىشەنچلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا شەرىئەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى قاتتىق بەلگىلەنگەن: 1. قەسەم چوقۇم چىن كۆڭلىدىن قىلىنغان بولۇش؛ 2. قەسەم مەزمۇنىغا چوقۇم قىلچىلىك شەك كەلتۈرمەي ئىشىنىش؛ 3. چوقۇم ئامالسىز قالغان چاغدىلا قەسەم قىلىش، ئۇنداق بولمىغاندا شەرىئەتكە مۇخالىپ بولىدۇ، "ئامالسىز قالغان چاغ" دېگەنلىك — قارشى تەرەپكە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈشكە ياكى باشقىلارنىڭ تۆھمىتى ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاشقا قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغان چاغنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: **"پاكىت — ئاقلىغۇچىغا مەنسۇپتۇر؛ قەسەم — ئىنكار قىلغۇچىغا مەنسۇپتۇر"**، يەنى قەسەم ئۆز-ئۆزىنى ئاقلاشتا قوللىنىلىدىغان سۆز بولۇپ، قەسەم قىلغۇچى قەسەم قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىنىڭ پاك ۋە بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە قەسەم قىلىشنىڭ دائىرىسى ئاللانىڭ نامى ۋە خاسلىقلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئاللا بىلەن قەسەمكى"، "ھەممىگە قادىر زات (يەنى ئاللا) بىلەن قەسەمكى" قاتارلىقلار، بۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن "ھاياتىمنى ئىلكىدە تۇتقۇچى بىلەن قەسەمكى"، "مۇھەممەدنىڭ ھاياتىنى ئىلكىدە تۇتقۇچى بىلەن قەسەمكى" قاتارلىق قەسەم كەلىمىلىرىمۇ مۇشۇ خىلدىكى قەسەملەرگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان قەسەم كەلىمىلىرىدۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە ئاللادىن غەيرىي ھەرقانداق نام بىلەن قەسەم قىلىش چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەرنىڭ نامى، خوجايىنلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش چەكلىنىدۇ؛ ئاتا-ئانا ۋە مەلۇم كىشىنىڭ ۋىجدانى، مەلۇم كىشىنىڭ ئىناۋىتى بىلەن قەسەم قىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

"مەرھۇمXX بىلەن قەسەمقىلمەنكى"، "ئانامنىڭ (ياكى دادامنىڭ) بېقىپ ئۆستۈرگەن ھەققى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى"، "غۇرۇرۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى"، "نىكاھتىن ئاجرىشىش بىلەن قەسەم قىلىمەنكى" دېگەنگە ئوخشاش قەسەملەرنىڭ ھەممىسى "بىدئەد قەسەملەر" بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇنداق قەسەملەردىن ساقت بولۇشى كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا، ئاللانىڭ غەيرىي بىلەن قىلىنغان بۇ قەسەملەرنى ئۇزۇن مەزگىل قىلىۋېرىش بەندىلەرنى ئاللانىڭ رەھمىتىدىن بارا-بارا يىراقلاشتۇرۇپ، ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ، شۇڭا بۇنداق قەسەملەردىن ساقت بولۇش كېرەك دەپ قارىلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئاللا سىلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار بىلەن قەسەم ئىچىشىڭلارنى توسىدۇ. قەسەم ئىچكەن ئادەم ئاللا بىلەنلا قەسەم ئىچسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن**". ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كىشى "كەئبە" بىلەن قەسەم ئىچكەن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ئاللانىڭ غەيرىي بىلەن قەسەم ئىچسەڭ بولمايدۇ، چۈنكى مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "**كىمكى ئاللانىڭ غەيرىي بىلەن قەسەم ئىچىدىكەن، ئۇ، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان ياكى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ**" دېگىنىنى ئاڭلىغان، دېگەن. ئىسلام دىنىدا يەنە ئاتالمىش "ۋىجدان" بىلەن قەسەم قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن قەسەم ئىچىدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس**" دېگەن. چۈنكى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى سېتىش ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىكىنى سېتىشقا ئوخشاش بولۇپ، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

قەسەم قىلغاندا يالغان سۆزلەش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا، قەسەم قىلغاندا يالغان سۆزلەش چوڭ گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۇل-پىلىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە يالغان قەسەم ئىچسە، ئاللا ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ**". دېمەك، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى بىلەن ئۆزىنى كۆرستىشكە، باشقىلارنى ئازدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگىنىدەك: "**ئاللاغا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (ئاللانىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ**" (3-سۈرە، «ئال ئىمران»، 77-ئايەت). ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قايسى گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: "**ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىش، ئاتا-ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە يالغان قەسەم قىلىش**".

ئىسلام شەرىئىتىدە قەسەم قىلىش مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ:

1. **يالغان قەسەم.** يەنى باشقىلارنى ئالداش غەرىزىدە، قەسەم ئىچىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش. بۇ خىل قەسەم شەرىئەتتە مەنئى قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا، بۇنداق قەسەم قىلغۇچىلار گەرچە روزا تۇتۇش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق ئەمەللەرنى بەجا قىلىشسىمۇ يەنىلا گۇناھدىن ساقت بولالمايدۇ، ئۇلار پەقەت چىن دىلدىن، بۇنداق گۇناھلارنى قايتا سادىر قىلماسلىققا تۆۋبە قىلغاندىلا ئاندىن مەغپىرەتكە ئېرىشىدۇ دەپ قارىلىدۇ. سەھرالىق بىرسى (ئەرابى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: "يالغان قەسەم دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**يالغاندىن قەسەم ئىچىپ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئېلىۋېلىش**" دېگەن. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگىنىدەك: "**مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمىڭلار ئۈچۈن ئاللا سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسەمىڭلار ئۈچۈن ئاللا سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ**" (2-سۈرە «بەقەرە»، 225-ئايەت).

2. **مەقسەتلىك قەسەم.** يەنى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەن "قەستەن قەسەم" بولۇپ، مۇسۇلمان-

لارنىڭ مەلۇم ئىشنى تەكتلەش ياكى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا نىيەت قىلىش ئۈچۈن قىلغان قەسىمى ياكى ۋەدىسىدۇر. مەسىلەن، "ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەتە چوقۇم پالانى ئىشنى قىلىمەن" دېگەنگە ئوخشاش. قەسەم قىلغۇچى ئەگەر قەسىمنى بەجا كەلتۈرسە ياكى قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، بۇنىڭ ھېچقانداق سورىقى يوق. بىراق، ئەگەر قەسىمنى ئادا قىلمىسا ياكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلسا ياكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ دەسلەپكى قەسەمدىن يېنىۋالسا، ئۇنداقتا بۇنداق قىلمىش ئىسلام دىنىدا "قەسەمدە تۇرماسلىق" دەپ قارىلىپ، قەسەم قىلغۇچى بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ: ئۇن نامرات كىشىگە ئاش-تائام (ياكى كىيىم-كېچەك) بېرىدۇ، ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئۆز گۇناھى ئۈچۈن تەۋبە قىلىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: **"ئاللا سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەملەرنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەملەرنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسەملىرىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە-كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار)"** (5-سۈرە «مائىدە»، 89- ئايەت).

ئۇنداقتا، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئەسلىدىكى قەسەمدىن يېنىۋېلىشقا بولامدۇ؟ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مەن قەسەم قىلغان ۋاقىتتا ھەر دائىم ئاللاغا مۇراجىئەت قىلىمەن (يەنى ئاللا خالىسا دېيىمەن). مەن ھەرگىز ھەر قانداق بىر ئىش ئۈچۈن كەسكىن قەسەم قىلمايمەن. ئەگەر تېخىمۇ مۇۋاپىقراق بىرەر ئىشنى بايقىسام، بەلگىلىك بەدەل تۆلەش بىلەن قەسەمىمنى ئۆزگەرتىمەن. ئاندىن كېيىن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان ئىشنى قىلىمەن"**. بۇنىڭ مەنىسى، ھەرقانداق ئىشنى جانلىق ئىگەللەش ئۈچۈن، قەسەم قىلغاندا ئاۋۋال "ئەگەر ئاللا خالىسا" (ئىنشائاللا) دېيىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا زۆرۈر تېپىلغاندا مەلۇم مىقداردا فىدىيە تۆلەش ھېسابىغا ئۆز قەسىمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. قەسەم قىلغاندا "ئەگەر ئاللا خالىسا" دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا، بەندىلەر ئەتىسى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھامان ئالدىن پەرەز قىلالمايدۇ، ھەممە ئىشلار ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مەنسۇپ. بەندىلەرنىڭ ئارزۇسى ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئىشلار تولۇق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى قەسەم ئىچكەندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشىراق مەزمۇننى بايقىسا، ئۇ كىشى ئەسلىدىكى قەسەمنىڭ گۇناھىنى يۇسۇن، ئاندىن ئۇنى ئۆزگەرتسۇن"**.

قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆز قەسەمدىن يېنىۋېلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟ ئىسلام دىنىدا، ئەگەر بىر كىشى گۇناھ ئارىلاشقان بىر ئىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ چوقۇم بۇ قەسەمگە "خىلاپلىق قىلىشى" ۋە بۇ قەسىمى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش، ئاسىيلىق قىلىش قاتارلىق ئىسلام شەرىئىتى ئەھكاملىرىغا يا خاھىشلار ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن بولسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئۆز قەسەمدىن چوقۇم يېنىۋېلىشى كېرەك. خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: **"سەن ئەسلىدىكى قەسىمىڭنى ئۆزگەرتكىن، ئەسلىدىكى قەسىمىڭ ئۈچۈن فىدىيە تۆلىگىن. چۈنكى ھەققە قايىتىپ يامان ئىشنى توختىتىش تېخىمۇ ياخشىدۇر"**، شۇڭا ئەسلىدىكى قەسەمدىن يېنىش "ۋاجىپتۇر"، بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

3. **ئەپۇ قىلىشقا بولىدىغان قەسەملەر.** تۆت فىقھە مەزھىپى ئىچىدىكى ھەنەفىي مەزھىپى ۋە مالىكىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ خىلدىكى قەسەم ھېچقانداق گۇناھ ئارىلاشمىغان قەسەم بولغاچقا، ئۇ تەۋبە قىلىش ياكى بەدەل تۆلەشنىڭ

ھاجىتى يوق قەسەمدۇر. بۇ خىلدىكى قەسەمنى يەنە "قەستەن بولمىغان قەسەم" دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: **"ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) ئاللانى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى ئاللا بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)، ئاللا (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر"** (2 ـ سۈرە «بەقەرە»، 224 ـ ئايەت)، **"ئاللا سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ..."** (5 ـ سۈرە «مائىدە»، 89 ـ ئايەت). بىراق، ھەربىر مۇسۇلمان قەسەم قىلىشقا قارىتا چوقۇم جىددىي پوزىتسىيىدە بولۇشى كېرەك. كەلسە ـ كەلمەس قەسەم قىلىش ئاللانىڭ نام ـ شەرىپىگە بولغان بىھۆرمەتسىزلىك بولۇپ، ئەزەلدىن ئىسلام دىنىدا قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: **"... قەسەمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار)"** (5 ـ سۈرە «مائىدە»، 89 ـ ئايەت). ئىسلام دىنىدا ئۆزقەسەمگە رىئايە قىلمىغانلارغا ياكى ئۆز قەسەمگە سەل قارايدىغانلارغا لەنەت ئوقۇلىدۇ، خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: **"قەسەمخور، پەس.... ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن"** (68 ـ سۈرە، 10 ـ ئايەت).

ئىسلام دىنىدا يەنە سودا ـ سېتىق جەريانىدىكى كەلسە ـ كەلمەس قەسەملەرمۇ قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئەبۇ خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان: **"سىلەر سودا ـ سېتىق قىلغاندا قەسەم ئىچىشكە ئامراق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇلار ئاسانلا گېپىدىن يېنىۋالىدۇ"**. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قەسەم قىلىش يولى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىشقا ئىسلام دىنى يول قويمايدۇ. مەككار سودىگەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەسەم ئىچىش، ئۇلارنىڭ پايدا ئۇندۇرۇۋېلىشىدىكى قورالى ۋە نەيرەڭگى بولۇپ، خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: **"قەسەم ئىچىش ئۇلارنىڭ نەيرەڭۋازلىقى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆز ماللىرىنى ئاقتۇرىدۇ"**.

يىغىپ ئېيتقاندا، قەسەم قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدە ئىنتايىن جىددىي قارىلىدىغان بىر ئىش، شۇنداقلا بىر ئىنساننىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر. مۇسۇلمان سانالغان ھەربىر كىشى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىگەللەپ، قەسەم قىلىشتا ئەستايىدىل مۇئامىلىدەبولۇشى كېرەك. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قەسەم ئىچىش ھەققىدىكى تۈرلۈك شەرتلىرى ۋە تەلەپلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە رىئايە قىلىش— مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، ئىشەنچ كرىزىسىگە مۇپتىلا بولۇپ قىلىشتىن ساقلايدىغان توپ شەرتتۇر. قەسەم قىلىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئاغزىغا كەلگەننى دېمەسلىك، باشقىلارنى بوزەك قىلماسلىق، ئالدىماسلىق ھەربىر مۇسۇلمان جەمئىيىتى ساپاسىنىڭ نېگىزلىك ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ تۇيغۇسى كەم بولۇش، سەممىي مۇئامىلىدەبولماسلىق، ئۆزئارا ئېھتىياتتا بولۇش، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولماسلىق، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق قاتارلىق ناچار خاھىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت جاپاغا چىداپ ئۆز ـ ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى رىغبەتلەندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغاندىلا، ئاندىن ئىسلام شەرىئىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىيالايدۇ، مۇسۇلمانلىق سىماسىنى تېخىمۇ ئاسرىيالايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزئارا ئىشىنىش، ئىناق ئۆتۈشتەك كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىنى بەرپا قىلالايدۇ.

**(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان،**
**تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)**

www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى

ھاجى يەھيا سەنۋبەر لىن سۇڭ

**ئىلاۋە:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، «قۇرئان كەرىم» تەرجىمانى، مەشھۇر قۇرئانشۇناس ھاجى يەھيا سەنۋبەر لىن سۇڭ ئەپەندى يازغان «قۇرئان كەرىم، بىلىملىرى خەزىنىسى» «قۇرئان كەرىم» جۈملىدىن ئىسلام دىنى بىلىملىرى توغرىسىدا نىسبەتەن ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل يېزىلغان يىرىك ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر 1995-يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى خەنزۇچە بىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. خەنزۇچە 580 مىڭ خەتلىك بۇ ئەسەر "«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كىتابى"، "«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنلىرى"، "«قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە رەت تۈزۈلمىسى"، "«قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى، تەلەپپۇزى ۋە قىرائەت قىلىنىشى"، "«قۇرئان كەرىم» ھەققىدە تەپسىر شەرھى ۋە ئىزدىنىشلەر"، "«قۇرئان كەرىم» تەرجىملىرى"، "«قۇرئان كەرىم» ۋە ئالتە ئىمان"، "«قۇرئان كەرىم» ۋە بەش پەرز"، "«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى"، "«قۇرئان كەرىم» ۋە ئەخلاق-پەزىلەت"، "«قۇرئان كەرىم» ۋە ئىلىم-پەن"، "«قۇرئان كەرىم» ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى"، "«قۇرئان كەرىم»دىكى ئاياللار، ئائىلە ۋە نىكاھ"، "«قۇرئان كەرىم»نىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى"، "«قۇرئان كەرىم»دىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى"، "«قۇرئان كەرىم»دىكى ئەجايىب ۋە سەلبىي شەخسلەر"دىن ئىبارەت 16 بابقا بۆلۈپ يېزىلغان. كەڭ مۇشتەرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى توغرىسىدا بىرقەدەر مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ، بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى ھەربىر ساندا بىر بابتىن بېرىمەكچىمىز.

## بىرىنچى باب

### «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كىتابى

ئىسلام دىنىدا «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئاساسلىق، ھەممىدىن مۇھىم، ئەڭ ئالىي كىتاب، شۇنداقلا قانۇن تۇرغۇزۇشنىڭ ئەڭ تۈپ، ئەڭ نوپۇزلۇق ئاساسى. ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ روناق تېپىشى، تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىدا باشتىن-ئاخىر تەڭداشسىز، ھېچنېمە ئورنىنى باسالمايدىغان يېتەكچىلىك رول ئويناپ، ئەرەب دۇنياسىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىدىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەپلىرىگە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئۇزاق مۇددەت تەسىر كۆرسەتكەن. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ ھەتتا ھەق-ناھەق، ياخشى-يامانلىقنى ئايرىپ ھۆكۈم قىلىشىنىڭ مىزانى قىلىپ كەلدى؛ شەرق ۋە غەرب ئالىملىرىمۇ ئۇنى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم، ئوقۇشقا تېگىشلىك ھۆججەت، ئىسلام دىنى ھەققىتىنىڭ قارارگاھىنى تېپىشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچ دەپ قاراپ كەلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ھەممىدىن ئەلا دەپ ئىززەتلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ياراتقۇچى ئىگەمنىڭ ۋەھيىسى بولۇپ، غەيرىي پانىي خاراكتېرگە ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى "كالاموللا" ("ئاللانىڭ لەۋزى")، ئاللاتائالانىڭ ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېشارەت قىلىش، ۋەھيى بېرىش، يەتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چۈشۈرگەن ئەمرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانىدىكى يۆنىلىش، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-تەرتىپ ۋە نىزام، دەپ ئاتايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەيدانغا كېلىش تەپسىلاتىنى يەنى ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئۈزۈلمەي نازىل بولغانلىقى، خاتىرىلىنىپ ئوقۇلۇپ كەلگەنلىكى، توپلىنىپ رەتلەنگەنلىكى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن پۈتۈن دۇنياغا تارقالغانلىقى جەريانىنى تىلغا ئالغاندا، تارىخنىڭ سەھىپىسىنى مىلادى 6-ئەسىرگە قايتۇرۇپ ۋاراقلاپ، مەككەمۇكەررەمە دىن — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا يۇرتىدىن يەنى ئىسلام دىنىنىڭ بۆشۈكىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (مىلادىيە 570—632-يىللار) ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىملار جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسىدىن باشلاپ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئابدۇللا ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا تىجارەت سەپىرىدە كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان. ئاپىسى ئامىنە كېسەل بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەندە ئۇ تېخى ئالتە ياشقا توشمىغانىدى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سەككىز ياشقىچە بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. تاغىسى نامرات ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گۆدەك ۋاقتىدىلا ئوقۇشسىز قېلىپ باشقىلارنىڭ مېلىنى باققان. 12 ياشتىن باشلاپ تاغىسى بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، سودا كارۋىنى بىلەن ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، سودا-تىجارەت قىلىش داۋامىدا سىرت بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىگىللىگەن، خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقان، ئەرەبىستان، سۇرىيە، پەلەستىن ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە ئېچىلغان، كۆرگەن-پۈتكىنى كۆڭلىدىن-كۆڭلىگە كۆپەيگەن، بۇنىڭ بىلەن، كىچىكىدىن ئوقۇشسىز قالغانلىقى ۋە بىلىمىنىڭ كەملىكى تولۇقلىنىپ، كۆرگەن-بىلگىنى كۆپ، چېۋەر، ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىشكەن. ئاما ئارىسىدا كىچىكىدىن تارتىپ ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىيلىكى، كەمتەر ۋە پۇختىلىقى، ئىشتا ئادىللىقى بىلەن داڭ چىقىرىپ، "ئەمىن" (ئىشەنچلىك) دەپ نام ئالغان.

ئۇ يىراق جايلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىش جەھەتتە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. كېيىنچە، تاغىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، مەككىدىكى نوفەيل ئۇرۇقىدىن بولغان باي تۇل خانىم خەدىچەگە ياللىنىپ، ئۇنىڭ تىجارەت-سودا ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەن، نەچچە رەت سودا كارۋىنىنى باشلاپ يىراق ئەللەرگە بېرىپ سودا قىلغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ سودىسى روناق تېپىپ، مەبلەغ-بايلىقى بولسىمۇ ساداقەتمەن ياردەمچىسى بولمىغان خەدىچەنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى ئاۋۇتۇپ بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىي، ئادىل ۋە ھەققانىي، جاپا-مۇشەققەتكە چىداملىق بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى باشتىن-ئاخىر ئىپادىلەپ كەلگەن، ئۇنىڭ توغرا مەجەزلىك، ئىشتا ئەستايىدىل، باشقىلارغا سەممىي، مۇئامىلىدە دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرگەن خەدىچە خانىم ئۇنى تايىنىشقا ۋە ئىشىنىشكە ئەرزىيدىكەن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا مەيلى چۈشۈپ قالغان. مىلادى 596-يىلى 25 ياشلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 ياشلىق خەدىچە بىلەن توي قىلغان. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشىدىمۇ، خەدىچە خانىم تۇل قالغان باي ئايال بولغىنى بىلەن، ھەرگىز پۇل-مالنى بۇزۇپ-چېچىپ بەتخەجلىك قىلىدىغان، بىكار تەلەپ يۈرۈيدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى تىرىشچان-ئىقتىسادچىل ۋە ئاددىي-ساددا، ئاق كۆڭۈل، خەير-ساخاۋەتچىل، تۇرمۇشتا يۇقىرى تەلەپ-

لىك، مۇئامىلىدە دۇرۇس، ناھايىتى ئابرۇيلۇق ئايال ئىدى، شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇشى باياشاتلىشىپ خاتىرجەملىككە يۈزلەنگەن، بىۋاستە ئۆزى سىرتلارغا بېرىپ تىجارەت بىلەن ھەپىلىشىشىنىڭمۇ ئانچە ھاجىتى قالمىغان. تەجرىبىلىك، زېرەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىدىيىسىمۇ ئۇنىڭ ياش قۇرامى ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى تاكامۇللاشقان. ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈدىغىنى ئۆزىنىڭ قەبىلىسى، ئۇرۇقى ھەتتا ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى — ئىجتىمائىي-سىياسىي جەھەتتە قالايمىقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە توختىماي ئېگىز-پەسلىك بولۇۋاتقان ھالەتتە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، جاپا-مۇشەققەتلىك مال بېقىش تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن، يېتىملىق ۋە غېرىب-مىسكىنلىكتە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ تەمىنى تېتىغان، تۆگە كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ بىپايان چۆل-جەزىرىلەردە بوران-چاپقۇن ۋە كۆيۈك ئاپتاپلاردا قېلىپ كۆپ ئازاب چەككەن، تۈرلۈك قاتلامدىكى ئوخشىمىغان سالاھىيەتلىك كىشىلەر بىلەن نۇرغۇن ئۇچراشقان، بۇ ئارقىلىق، چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان خىلمۇخىل ھادىسىلەرنى ئۇچرىتىپ ۋە كۆزىتىپ، ئۇنىڭ نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدا پەرق زور بولۇش، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىش، قەبىلىلەر قارىمۇقارشىلىشىش، قەبىلە باشلىقلىرى بىر-بىرى بىلەن تىركىشىش، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش كۆپ بولۇشتەك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان. ئۇ ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە ئىنچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەچكە ئەرەبلەرنىڭ نادان ۋە قالاق ھالەتتىكى زۇلمەتلىك دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىنسانىيەتنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى.

ئۇ ياشلىق دەۋرىدە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇزاققا سوزۇلۇپ تۆت يىل داۋام قىلغان ”فۇججار ئۇرۇشى“غا قاتنىشىپ، مول ھەربىي ئىشلار بىلىمىگە ئېرىشكەن؛ يىراق جايلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىش سەپىرىدە ۋە تۇرۇپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان سودا شەھەرلىرىدە نۇرغۇنلىغان ھېسابقا ئۇستا تىجارەتچىلەر ۋە داڭلىق سودىگەرلەر بىلەنلا ئۇچرىشىپ قالماستىن، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر بىرمۇنچە ئەھۋاللارنىمۇ ئىگەللىگەن. ئۇنىڭ ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ ھاسىل قىلغان بىلىم ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئوي-پىكرى ۋە مۇلاھىزىلىرىگە مەدەت بولغان، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، ھاياتلىق يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەھەتتىكى غەيرىتىگە ئىلھام بېغىشلىغان.

ئۇ دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلار سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق، جەمئىيەتتىكى پاراكەندىچىلىك، ئىشلەپچىقىرىش تۇرغۇنلۇقى، ئىقتىسادىي كاساتچىلىق، سودا يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىشى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زومىگەرلىكى، قىساسچىلىق ۋە قالايمىقان ئۇرۇشۇش، ھەممە يەرنى قاپلىغان خەۋپ-خەتەر، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىشىشى ئىدى؛ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە بولسا، كىشىلەر كۆپىنچە ئىپتىدائىي قارىغۇلارچە ھالەتتە بولۇپ، ھەر خىل تەبىئىي زاتلارغا چوقۇناتتى، چۆل-جەزىرىدىن قورقۇش سەۋەبىدىن جىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى، ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە ئىلاھى بولغاچقا، مەككىدىكى قەدىمىي ”كەئبە“ ئىبادەتخانىسىنى لاي، ياغاچ، تاشتىن ياسالغان رەڭگارەڭ سەنەم بۇتلار قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلار ئىچىدە يەنە لات (ھەرەمى ئورنى تايىف ئەتراپىدا)، ئۇززا (مەككىنىڭ شەرقىدىكى بەتن نەخلە رايونىدا

تارقالغان بولۇپ، قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا بەكچوقۇناتتى) ۋە مانات (رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەقدىرنى باشقۇرىدىغان ئىلاھە) دىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھە بولۇپ، ئۇلارنى ئاجايىپ-غارايىپ كۆرسەتتى (53-سۈرە «نەجم»، 19_20-ئايەتلەرگە قاراڭ). بۇ هاللار ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ نادان، مۇجمەل ۋە قالايمىقان ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ چاغدا يەهۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ”هەنىف“ بىر ئىلاھلىق ئىدىيەسى بەزى رايونلاردا تارقالغان بولۇپ، مىسسىئونېرپوپ ۋە ئالىملارمۇ ناهايىتى پائالىيەتچاندى. مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي دەۋر ۋە جەمئىيەت هالىتىدە تۇرۇپ، ئىجتىمائىي بوهراننى ئوڭشاش، كىشىلەرنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان ساداقەتلىك نىيەت بىلەن، كېچىلىرىمۇ كىرپىك قاقماي، ئاغزىغا تېتىغىدەك تاماقمۇ يېمەي، دۇنياغا خەير-ساخاۋەت قىلىپ، خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ ياخشى ئامالى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنەتتى.

ئۇ دائىم يالغۇز ئۆزى مەككە شەهرىنىڭ يېنىدىكى هىرا تېغىدىكى بىر غارغا بېرىپ، چوڭقۇر خىيال-پىكىرلەرنى قىلىپ، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئىستىقامەت قىلىشقا باشلىغان. هىرا تېغى مەككىنىڭ شىمالى تەرىپىدىن 12.48 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر جايدا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى غار ناهايىتى كىچىك ئىدى، بۇ غارنىڭ كەينىدە بىر يوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بۇ بىر ئىنتايىن خىلۋەت جاي بولۇپ، ئادەتتە بولىدىغان كاشىلىلاردىن خالىي هالدا، تەركىدۇنيا زاهىت بولۇپ، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇهاكىمە قىلىشقا، ئىلىم-بىلىم تەهسىل قىلىشقا، هەقىقەت يولىدا ئىزدىنىشكە لايىق جاي ئىدى. هەر يىلى 9-ئايدا، ئۇ ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى ئېلىپ بۇ غارغا بېرىپ، ئۇدا بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە يېتىپ-قوپۇپ، بۇ دۇنيالىق ئاۋارىچىلىقلاردىن يىراق بولۇپ، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن ساقىت بولۇپ، ناهايىتى تەمكىنلىك بىلەن، مەسىلىلەرنى مۇهاكىمە قىلغان، بۇ مەسىلىلەرنىڭ تېگى-تەكتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى ناهايىتى چوڭقۇر ۋە يىراقتىن مۇلاهىزە قىلىش ئارقىلىق قاتتىق هاياجانلىنىپ، بۇ دۇنيادىن هالقىغان بىر مەنزىلگە كىرىش بىلەن، ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇغان هالدا كېچە-كېچىلەپ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ۋە بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. تەركىدۇنيا زاهىت بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل روهىي بەهرىمەنلىك بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىمۇ ئاددىيلىق ۋە يۈزەلىكتىن مۇرەككەپلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا، ئازغۇنلۇق ۋە مۇجمەللىكتىن سەگەكلىك ۋە يورۇقلۇققا يۈزلەنگەن. شۇنداقتىمۇ قانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايۋاتقان بەزى سىرلار ئۇنى دائىم غەشلىك ۋە ئىسەنكىرەشكە سالاتتى.

مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام غار ئىچىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر مۇلاهىزە يۈرگۈزۈۋاتقان بىر كېچىسى تۇساتتىن: ”ئىقرا“ (ئوقۇغىن) دەپ ئەمر قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلانغان.

مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام هاڭ-تاڭ قالغان: بۇ يېرىم كېچىدە، بۇ غاردا باشقا بىرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكىم مەندىكى خاتا تۇيغۇ-دۇ! ياكى مۈگدەپ ئۇيقۇغا كېتىپ قېلىپ بىرەر چۈش كۆرگەندىمەن.

”ئىقرا“ دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلانغان، ئاۋاز ناهايىتى ياڭراق ۋە ئوچۇق بولۇپ، هەرگىز چۈش ئەمەس ئىدى.

”ئىقرا“ دېگەن ياڭراق ئاۋاز يەنە بىر قېتىم ئاڭلانغان ۋە: ”ئوقۇغىن،ئوقۇغىن“ دەپ ئالدىراتقان.

مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام قانداق قىلىشنى بىلمەي، هاڭۋېقىپ ئۇندىمەي تۇرۇپ قالغان. مېنى ئوقۇ دەۋاتىدۇ، ئوقۇشقا ئالدىرىتىۋاتىدۇ، نېمىنى ئوقۇماقچىمەن؟ دەپ ئويلىغان كۆڭلىدە. لېكىن ”ئىقرا“ دېگەن ئاۋاز قۇلىقى تۈۋىدە يەنە ياڭرىغان.

”مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەنغۇ! نېمىنى ئوقۇيمەن؟“ دەپ سورىماقچى بولغان.

بۇ چاغدا هېلىقى ئەمر سۆزى جۈملىگە ئايلان-



www.uyghurkitap.com

غان، ئەسلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەگىشىپ ئاۋازىڭنى چىقىرىپ ئوقۇغىن دېمەكچى ئىكەن.

”ئىقرابىسمى رەببىكەللەزى خەلەقە“ (”ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن“)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئاۋازغا ئەگىشىپ، جۈملىمۇجۈملە ئاۋازلىق قىلىپ، تا ناھايىتى پىششىق ئېسىدە تۇتۇپ، يادقا ئوقۇيالىغۇدەك بولغۇچە ئوقۇغان. بۇ ئىش مىلادى 610-يىلى ئەرەبلەرنىڭ قەمەرىيە يىلىنىڭ 9-ئېيى(يەنى قەدىر كېچىسى)دە بولغان. بۇ چاغ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە سەگەك ۋاقتى بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەن، بۇ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن. ئەمما ھېلىقى ئاۋاز ئەرەب تىلىدا ئۆگەتكەن نەچچە جۈملە سۆزنى ئۇ ھەقىقەتەن ئۆگىنىۋالغان ۋە ئېسىدە تۇتۇۋالغان، بۇ جۈملەلەرنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق:

**”ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى“** (96-سۈرە «ئەلەق»، 1–5-ئايەتلەر).

ئەھۋال شۇنداق تاسادىپىي بولغانكى، گويا چۈشكە ئوخشايتتى، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن چۈش ئەمەس ئىدى، ئۇ جىددىيلەشكەن ۋە ھودۇققان ھالدا، ھېلىقى ئوچۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇردى، ئۇنى ئۈستى-ئۈستىگە ئالدىراتتى، ئۇنى ئەگىشىپ ئاۋازلىق ئوقۇشقا ئەمر قىلاتتى. بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوپ-ئوچۇق، مېڭىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئاۋاز ئۆگەتكەن ھەربىر جۈملە، ھەربىر سۆزلۈك، ھەربىر بوغۇمنى ئۇ ئېسىدە ئېنىق ۋە توغرا تۇتۇۋالغانىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقى يېنىدا دائىم ياڭراپ تۇراتتى، دائىم مېڭىسىدە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇ تەشۋىشلىنىپ خاتىرجەمسىزلىنەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى توختىماي سالاتتى، ھەتتا ئۇ ئالاقزادە بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋالغاندىمۇ لاغىلداپ تىترەپ، دەرھال پىنجەك ۋە رىداغا يۆگىنىۋېلىپ ئۇزاققىچە خاتىرجەم بولالمىغانىدى.

بۇ ئىش ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سالماقلىق بىلەن ئەسلىشى ۋە مۇلاھىزە قىلىشى، رەپىقىسى خەدىچەنىڭ تەھلىل قىلىپ بېرىشى ۋە تەسەللى قىلىشى، شۇنداقلا بىلىملىك پېشقەدەملەردىن مەسلىھەت سورىشى، بولۇپمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ توختىماي بولۇپ تۇرغانلىقى نەتىجىسىدە بۇنىڭ ئۇلۇغ پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىگە يەتكۈزگەن ئاۋاز ئىكەنلىكىنى، پەرۋەردىگار ئاللانىڭ ئۇنى ئۆز قەۋمىنى ياخشىلىققا ئۈندەپ يامانلىقتىن توسۇشقا، مۇشرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىجادكارى، باشقۇرغۇچىسى، بىردىنبىر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تەيىنلىگەن رەسۇلى (ئەلچىسى) ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلگەن ۋە بۇنىڭغا ئىشەنگەن. ئۇ غاردا ئاڭلىغان ”ئىقرا“ دېگەن چاقىرىق ساداسى جىبرىئىل پەرىشتە ئەمر بويىچە ئەينەن يەتكۈزگەن ئاللا ۋەھيىسى، ئاللا ئەمرى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مۇشۇنداق ۋەھيى ئۈزۈلمەي كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆگىتىلگەن، بىشارەت بېرىلگەن ۋە يەتكۈزۈلگەن. ھەربىر ۋەھيى پۇختا ئەسكە ئېلىنىپ، پىششىق يادلىۋېلىنغان، بەس-بەس بىلەن ئوقۇلۇپ تارقالغان ۋە خاتىرىگە ئېلىنىپ ساقلاپ قويۇلغان، مانا بۇ «قۇرئان كەرىم»دۇر. ھالبۇكى، يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان نەچچە جۈملە سۆز، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەن يىلى 9-ئاينىڭ قەدىر كېچىسى تۇساتتىن ئاۋاز كېلىپ ئۆگىتىلگەن ۋە ئۇنى ئاۋازلىق ئوقۇشقا ئالدىراتقان سۆز دەل ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ بالدۇرقى ۋەھيى بولۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەملىك «قۇرئان كەرىم»دە 96-سۈرە «ئەلەق»نىڭ 1-ئايىتىدىن 5-ئايىتىگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سۈرە نامى 2-ئايەتتىكى **”ئۇ ئىنساننى لەختە قان (ئەلەق)دىن ياراتتى“** دېگەن

www.uyghurkitap.com

جۈملىدىن تاللاپ ئېلىنغان سۆزلۈكتۇر.

مانا بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىلىپ چىقىشى شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى، ئاللاتائالانىڭ سۆزى سۈپىتىدە نازىل بولۇشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، 40 ياشلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى سۈپىتىدە دىن تارقىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، دۇنياغا خەير-ساخاۋەت قىلىپ، خەلقنى قۇتقۇزۇشتەك مۇقەددەس مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشەققەتلىك ۋە ئەگرى-توقاي، ئۇلۇغۋار نىشان كۆزلەنگەن ئۇزاق سەپەرنى باشلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى 23 يىل ئىچىدە، ئۇ جاپا-مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپ كۈرەشلەرگە دۇچ كېلىپ، ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ھەر خىل خاراكتېردىكى مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ھامان توختىماي ئاللاتائالانىڭ بېشارىتى، ۋەھيىسى، ئەمرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا مۇۋەپپەق بولۇپ كەلگەن، بۇلارنى تۈرلۈك باسقۇچتىكى، تۈرلۈك سورۇنلاردىكى، تۈرلۈك ئەھۋاللارغا قارىتا جاكارلاپ ۋە ئېلان قىلىپ تۇرغان، بۇلار كۈنلەپ-ئايلاپ يىغىلىپ بارغان، بۇ ئايەتلەر ئۆز قەرەلىدە يەتكۈزۈلۈش بىلەن، بەس-بەستە پىششىق يادلاپ ئېلىنغان، ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق دىنىي مۇراسىملاردا تەكرار-تەكرار ئاۋازلىق ئوقۇلۇغان، مەخسۇس كىشىلەر تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ۋە ساقلانغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خەلىپىلەر دەۋرىدە توپلىنىپ ۋە رەتلىنىپ، ئوسمان خەلىپە بولغان مەزگىلدە، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەملىك نۇسخا قىلىپ تاماملانغان بۇ «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسى بىرەر خەتمۇ ئۆزگەرتىلمىگەن ھالدا ھازىرغا قەدەر تارقىلىپ كەلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان بەش ئايەت مىلادى 610-يىلى ھىجرىيە 9-ئايدا بارلىققا كەلگەندى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم نازىل بولغان كۈنى دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ 40 ياشقا كىرگەن چېغىدا، ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بويىچە دىن تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن رەسۇل (ئەلچى) لىققا مۇشەررەپ بولغان ۋاقتى ئىدى، «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىن تەرغىب قىلىش پائالىيىتىگە باشتىن-ئاخىر ھەمراھ بولۇپ، زامانغا، ماكانغا، ئىش-ۋەقەلەرگە، ئادەملەرگە مۇناسىپ ھالدا ئۈزلۈكسىز جاكارلىنىپ تۇرغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇلۇغ ۋەزىپىنى 23 يىل ئۈستىگە ئالغان، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىمۇ پارچە-پارچە ھالدا 23 يىل جاكارلانغان. قۇرئانشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» ئەينى يىلدىكى قەدىر كېچىسىدە بىر نۆۋەتتىلا نازىل بولغان، پەقەت ئېھتىياجغا قاراپ ئايرىم-ئايرىم، ئۇزۇلمەي يەتكۈزۈلگەن، خالاس.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئاخىر جاكارلانغان ئايەتلىرى ھەققىدە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان نەچچە خىل رىۋايەت بار❶. قۇرئانشۇناسلار كۆپرەك 5-سۈرە «مائىدە»نىڭ 3-ئايىتىدىكى مۇنۇ جۈملىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئايەت دەپ قاراشقا مايىل، بۇ جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق:

**"بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم."**

بۇ مىلادى 632-يىل 3-ئايدا (ھىجرىيە 10-يىل 12-ئايدا) پەيغەمبىرىمىز زور تۈركۈمدىكى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ بېرىپ، مەككەمۇكەررەمەدە ئىسلام دىنى تارىخىدا زور كۆلەملىك تۇنجى قېتىملىق ھەج مۇراسىمىنى ئادا قىلغان ۋە مەككە يېنىدىكى ئەرافات تېغىدا مەشھۇر نۇتۇقىنى سۆزلىگەن چېغىدا يەتكۈزۈلگەن ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە دىن تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي

---

❶ باشقىچە رىۋايەت قىلغۇچىلار، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيى ئايەت 4-سۈرە 176-ئايەت؛ 2-سۈرە 282-ئايەت؛ 3-سۈرە 195-ئايەت؛ 2-سۈرە 281-ئايەت، دەپ قارايدۇ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

ۋەزىپىنى ئاساسەن تاماملاپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پەيغەمبىرىمىز ئۇ چاغدا ئېغىر كېسەل ئىدى. سەزگۈر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قىممەتلىك نوتۇقنىڭ ۋە يەتكۈزۈلگەن ئايەتنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىگە چۈشىنىپ يەتتى بولغاي، شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. دەرۋەقە پەيغەمبىرىمىزنىڭ، ئۇزاققا سوزۇلغان كېسىلى شىپالىق تاپالماي، شۇ يىلى 6 -ئاينىڭ 8 -كۈنى مەدىنەمۇنەۋۋەرەدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋىدالىشىش ۋەسىيىتى تۈسىگە ئىگە ئەڭ ئاخىرقى نۇتقى "ۋىدالىشىش ھەجى نۇتقى" دەپ ئاتالدى.

يۇقىرىقىلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغانلىرى تارتىپ ئەڭ ئاخىر توختىغانغىچە بولغان ئۇمۇمىي ئەھۋالى، تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋەھيى بويىچە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش داۋامىدا، «قۇرئان كەرىم» باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ دىن تەرغىب قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا مەدەت ۋە يېتەكچى بولۇپ كەلگەن يۈنىلىش ياكى روھىي تىرەكتۇر.

## 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن تەرغىب قىلىش تارىخىدىن قىسقىچە بايان

ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىنىڭ تەرەققىياتى ھەرگىز ئوڭۇشلۇق ۋە توسالغۇسىز بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ يېڭى شەيئى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن مۇدھىش كۈچلەرگە تېگىپ ياكى چېقىلىپ قويسا، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ، شىددەتلىك ئېلىشىشلار، دولقۇنسىمان ئوڭۇشسىزلىقلار، ۋەھىمەلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەر، ئىرادىنىڭ تاۋلىنىشى ۋە ئېتىقادنىڭ سىناقلىرى باشتىن-ئاخىر مەۋجۇت بولىدۇ.

مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى ئالغاندىن كېيىنكى دىن تەرغىب قىلىش پائالىيىتى داۋامىدا، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن، مەخپىي دىن تەرغىب قىلىشتىن پەيدىنپەي ئاشكارا دىن تەرغىب قىلىشقا ئۆتۈش، زىيانكەشلىك ۋە چەكلىمىگە ئۇچراشتىن مۇخلىسلىرىنى باشقا يۇرتقا يۆتكەش، مۇداپىئەلىك چېكىنىشتىن زەبەردەس ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشتىن غەلىبىنى قولغا ئېلىش ... داۋامىدا، باشتىن-ئاخىر «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەل ۋاقتىدا بەرگەن بېشارىتى، يېتەكچىلىكى، رىغبەت-مەدەتى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. ئوقۇرمەنلەر بەلكىم دىققەت قىلغاندۇ: «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەربىر سۈرىسىنىڭ سۈرە نامى ئاستىدا شۇ سۈرىنىڭ "مەككە سۈرىسى" ياكى "مەدىنە سۈرىسى" ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. بۇنداق پەرقلەندۈرۈش بەلگىسى ئەمەلىيەتتە دەل ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش مۇساپىسىنىڭ مەككە باسقۇچى ۋە مەدىنە باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، سۈرە نامىدىن كېيىنكى تۈرگە ئايرىشتىن ھەربىر سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسلىدە، پەيغەمبىرىمىز «قۇرئان كەرىم»دىكى تۈنجى ۋەھيىگە ئىگە بولۇپ، مەككىدە دىن تەرغىب قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى چاغدا، مۇشرىكلىككە ئېتىقاد قىلىدىغان كۈچلۈك قۇرەيش قەبىلىسى ئاقسۆڭەكلىرى گۇرۇھىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى ۋە يېڭى شەيئىگە بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ دىن تەرغىب قىلىش پائالىيىتى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، پەقەت يېقىن تۇغقانلىرى ۋە قەدىناس دوستلىرى ئارىسىدىلا مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، دىن تەرغىب قىلىش دائىرىسى تار ۋە چەكلىك بولغانىدى. ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقانلار پەقەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ رەپىقىسى خەدىچە، بىر نەۋرە ئىنىسى ئەلى، قەدىناس دوستى ئەبۇ بەكرى ۋە ئازادگەردە قۇلى زەيد قاتارلىق بىرنەچچىلا ئادەم ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىدىن ئوسمان، زۇبەير، ئەرقەم قاتارلىقلار ئىمانغا كىرگۈزۈلدى. پەقەت ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئىش تەدرىجىي ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىپ، دائىرە كېڭەيتىلدى، ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەن قاتلامدىكى ئاد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىي پۇقرالار ۋە قۇللار ئىدى، ئۇ يەتكۈزگەن ۋەھيىلەر، «تەۋھىد» (ئاللانىڭ بىرلىكى) نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار نامراتلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئىمان ئېيتقۇچىلار تەدرىجىي كۆپىيىپ باردى. لېكىن بۇ ھال ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنى چۆچۈتۈۋەتكەچكە مۇسۇلمانلار غالجىرلارچە باستۇرۇشقا دۇچار بولدى، نەتىجىدە، كۈچنى ساقلاپ قېلىش، يېڭى ماكان ئېچىش ئۈچۈن، 614 – 615 - يىللىرى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ھەبەشىستان(ھازىرقى ئېفوپىيە)غا كۆچۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنى كۈچلۈك قوللاپ بېرىۋاتقان تاغىسى ئەبۇ تالىپ ۋە رەپىقىسى خەدىچە قاتارلىقلار ئىلگىرى-ئاخىر ئالەمدىن ئۆتكەندى، ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان زىيانكەشلىكى يەنىمۇ كۈچەيدى، نەتىجىدە، ئوڭشىلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، ئۆز مۇخلىسلىرىنى تائىف رايونىغا يۆتكىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇ يەرنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە چەتكە قېقىشى تۈپەيلىدىن ئۇ يەردە تۇرۇشقا ئامال بولماي، ئۇلارنى مەككىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە توغرا كەلدى، يەنىلا ئىنتايىن مۇشەققەت ھالەت ئىچىدە قالدى.

بەختكە يارىشا، يەسرىب(ھازىرقى مەدىنە)لىقلاردىن بىرمۇنچىسى ئىسلام دىنىغا ھېسداشلىق قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىشىنى سەممىي قارشى ئالىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرگە سادىق بولۇش ۋە ئۇنى قوغداشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مەككىنىڭ يېنىدىكى ئەقەبە دېگەن جايدا بۇ ھەقتە ئىككى كېلىشىم ئىمزالاندى. پەيغەمبىرىمىز 100دىن ئارتۇق مۇسۇلماننى ئۇيۇشتۇرۇپ مەخپىي ھالدا يەسرىبكە ماڭغۇزۇۋەتتى. مەككىدە ھېچقانچە مۇسۇلمان قالمىدى. قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پەيغەمبىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىش قەستىدە بولدى، پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە بىر كېچىسى مەككىدىن چىقىپ كېتىپ، بىرمۇنچە خەۋپ-خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئامان قالدى. بۇ ئەھۋال ئەمر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي تەرغىباتنىڭ 12-يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ باسقۇچ مەككىدىكى پائالىيەت دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ئۇزۇن سەپەرلەرنى بېسىپ، ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ قوغلاش-توسۇش سۇيىقەستلىرىنى بىتچىت قىلىپ، مىلادى 622-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى يەسرىبقا ساق-سالامەت يېتىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «مەدىنە نەبى» ("پەيغەمبەر شەھىرى") دەپ ئۆزگەرتىپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق دىنىي تەرغىبات پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى يەنى مەدىنە دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ، ئىسلام دىنى تارىخىدىكى يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىسى، شۇنداقلا مەشھۇر ئۇلۇغ ھىجرەت(كۆچۈش) بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەدىنە شەھىرى تايانچ بازا قىلىنغان ھالدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدى. كېيىنچە مۇشۇ يىل ئىسلام دىنى يىلنامەسىنىڭ باش يىلى قىلىپ بېكىتىلىپ، "ھىجرىيە.. ("كۆچۈش") يىلنامىسىنىڭ باش يىلى دەپ ئاتالدى ۋە مۇشۇ يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى يېڭى يىل كۈنى(يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى) قىلىندى.

مەدىنىدە، ئۆزۈلمەي جاكارلىنىپ تۇرغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە ئاساسەن، ھەر خىل قانۇن-تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار دىن بىلەن بىر گەۋدە قىلىنىپ، «تەۋھىد»("ئاللانى بىر دەپ تونۇش")نى يادرو قىلغان مۇكەممەل ئىسلام سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەندى، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەرتىپكە سېلىنىپ، مەدىنە شەھىرى مۇستەھكەم بىر تايانچ بازا قىلىنىش بىلەن، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتى تەسىس قىلىنىشقا باشلىدى، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان «مەدىنە ئاساسىي

نىزامى» تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يەھۇدىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى قەبىلىلەر پۇقرالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، بىر-بىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، ئىچكى قىسمىدىكى قىساسچىلىقنى چەكلەش، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى ساقلاش، جىسمانىيەت بىخەتەرلىكى ۋە خۇسۇسىي مال-مۈلۈككە كاپالەتلىك قىلىش، بىر تەرەپ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىسا، ئىككىنچى تەرەپنىڭ ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بولۇش، ناۋادا تالاش-تارتىش بولۇپ قالسا، ئاخىرقى كېسىم قىلىش ھوقۇقى پەيغەمبەردە بولۇش، «ئاساسىي نىزام» ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، مەككە قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەخلى-تەرۇز، پاراكەندىچىلىك ۋە ھۇجۇملىرىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

622-يىلىنىڭ ئاخىرى ئىسلام دىنىي كوممۇناسى — "ئۇمما" (ئەسلى مەنىسى "مىللەت" كۆچمە مەنىسى "ئىجتىمائىي تەشكىلات"، "دۆلەت") تەسىس قىلىندى. بۇ ھاكىمىيەت تەشكىلى ئىسلام دىنىغا بولغان ئورتاق ئېتىقادنى ۋاستە قىلىپ، مۇھاجىرلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار) بىلەن ئەنسارلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللىغان ۋە ئۇنى تايانچ بازا بىلەن تەمىنلىگەن مەدىنە مۇسۇلمانلىرى) نى يادرو قىلدى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالىي دىنىي رەھبەر، مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلار ئەمىرى، ئەڭ نوپۇزلۇق قانۇن چىقارغۇچى ۋە قازى (ھۆكۈم قىلغۇچى) بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نايىبلىق قىلىپ ھاكىمىيەت، دىنىي، ھەربىي جەھەتتىكى چوڭ ھوقۇقنى تۇتقۇچى ۋە يۈرگۈزگۈچىلەر: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى (يەنى پەيغەمبىرىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىلگىرى ئاخىر ۋارىسلىق قىلىپ ھوقۇق تۇتقان تۆت چوڭ خەلىپە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى، يەنە بەزى داڭلىق ساھابىلەر "دېموكراتىك كېڭەش" كە ئوخشاپ كېتىدىغان "شۇرا" كېڭىشىنى تەشكىل قىلدى، ئۇلار كېڭىشىپ مەسلىھەت بېرىش ئۇرگىنى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زور مەسىلىلەرنى كېڭىشىپ بېكىتىشىگە ياردەملىشەتتى.

مەدىنە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ئىسلام دىنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تارقىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار قوراللىق قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇلار "ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش" چاقىرىقى ئاستىدا، ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەككە بىلەن سۈرىيە ئارىسىدىكى سودا يولىنى قامال قىلىۋالدى ۋە مەككە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قوراللىق ئېلىشتى. 624-يىلدىن 627-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، مەككە مۇشرىكلىرى قوشۇنى بىلەن چوڭ ئۇرۇشلارنى يەنى ئىسلام تارىخىدا مەشھۇر بولغان بەدرى ئۇرۇشى، ئوھۇد ئۇرۇشى ۋە خەندەك ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى قىلدى، بۇنىڭدا ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن باشقا، قالغان ئىككى ئۇرۇشتا ئاز سانلىق تۇرۇپ كۆپ سانلىقنى يېڭىش، ئاجىز تۇرۇپ كۈچلۈكنى يېڭىشتەك زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئولجا-غەنىيمەت ئالدى. مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەيۋىتى ۋە غەيرىتىنى سۇندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قوغدىنىشتىن سوقۇش قىلىشقا ئۆتۈش، مۇداپىئەدىن زەربە بېرىشكە، ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتۈش — مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يوقىتىش، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ھېسابلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە دەۋرىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 65 قېتىم جازا ئۇرۇشى قوزغىغان، بۇنىڭ 27 قېتىمقىسىغا شەخسەن ئۆزى ئاتلىنىپ، ھەربىر جەڭدە غەلىبە قىلىش بىلەن توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئارقىلىق مەككىنى بويسۇندۇرۇش جەھەتتىكى كېيىنكى غەم-ئەندىشىلەرنى زور دەرىجىدە ئازايتقان.

630-يىلى 1-ئايدا، ئەسلىدە پەيغەمبەر ئە-

لەيھىسسالام بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن بىر قەبىلە قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ مەدىنىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن (628-يىلى) تۈزۈشكەن «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى»نى بۇزدى دېگەن سەۋەب بىلەن ئون مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى باشلاپ، جازا يۈرۈشى قىلىپ، شەھەرگە قىستاپ كەلدى. ئىچكى جەھەتتىنمۇ، تاشقى جەھەتتىنمۇ قىيىنچىلىققا بوغۇلغان مەككە ئاقسۆڭەكلىرى ھېچقانداق يول تاپالماي ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى، ئاقسۆڭەكلەر ئاقساقالى ئەبۇ سۇفيان بىر تۈركۈم تونۇلغان ئادەملىرىنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ رەسمىي تەسلىم بولدى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلدى، مەككە ئاقساقاللىرى ۋە ئاھالىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

مەككە قايتۇرۇپ ئېلىنىپ، ئىسلام دىنى ئاخىر ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كەئبە ئىبادەتخانىسىدىكى 360 بۇتنى ھېچ كېچىكتۈرمەي چېقىپ تاشلاپ تازىلاتقۇزۇۋەتتى، تەنھا بىر ئاللانىڭ مۇتلەق نوپۇزى ۋە چەكسىز ئالىيلىقى تەھقىقلەشتۈرۈلدى، بۇ يەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش ئورنى ۋە ناماز قىبلىسى قىلىپ بېكىتىلىپ، كاپىرلارنىڭ ئۇ يەرگە كىرىشى مەنئى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب قەبىلىلىرى كەينى-كەينىدىن بەيئەت قىلدى، مۇسۇلمانلار سانى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى. شۇ يىلى 10-ئايدا، سۈرىيە چېگرىسىدىكى تەبۇك شەھىرىگە قوشۇن ئەۋەتىلدى ۋە بۇ شەھەر قارشىلىققا ئۇچرىمايلا ئۇرۇشسىز ئېلىندى.

ئىككىنچى يىلى (631-يىلى)غا كەلگەندە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئومان، بەھرەين، يەمەن، ھەزرەمەۋت، تەي، ھەمدان، كەندە قاتارلىق جايلاردىكى بەدەۋى قەبىلىلەر كەينى-كەينىدىن ئىسلامغا بەيئەت قىلىشنى، رەھبەرلىككە بويسۇنۇشنى، زاكات تۆلەشنى خالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ بەزى يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزدى، ئۇلاردىن بەزى مۇنچىلىرى يەنە ئىسلام ئېتىقادىغا كىردى، شۇڭا بۇ يىل "ۋەكىللەر ئۆمىكى يىلى" دەپ ئاتالدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تەدبىر سۈپىتىدە، بەيئەت قىلغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە دىن تەرغىباتچىلىرى ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىن بولۇپ قالدى.

632-يىلى ئەتىيازدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز مىڭدەك ئادەمگە يېتەكچىلىك قىلىپ، مىسلىسىز كۆلەملىك زور ھەج مۇراسىمى ئېلىپ باردى ھەمدە كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئېغىر كېسەل بولۇپ 6-ئاينىڭ 8-كۈنى 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر مەسچىتىگە دەپنە قىلىندى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆمرى بويىچە دىن تەرغىباتى ئېلىپ بارغان 23 يىل ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نى قىبلىنىما، ئىسلام دىنىنى تۇغ قىلىپ، ئەرەب مىللىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلىتىنى بەرپا قىلدى. ئۇ ئېلىپ بارغان ئىسلام ئىنقىلابى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئەرەب مىللىتىنى "جاھىلىيەت دەۋرى"دىن "مەدەنىيلىك دەۋرى"گە كىرگۈزۈپ، تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنياغا كەڭ دائىرىدە تارقىلىش بىلەن، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ شۇنداقلا بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، يەنى ئەنئەنىۋى پوزىتسىيەسى ۋە دىنىي ئەمەللىرى قاتارلىقلارنى ئىلكىدە تۇتىدىغان بولدى. تارىخشۇناسلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق تەرىپلەيدۇكى، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقاتقۇچىسى، ئاساسلىق ئۇلچىسى ۋە دىنىي داھىيسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىك تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، سىياسە-

ئون، ھەربىي ئالىم ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلابچى. ئۇ يەتكۈزگەن «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش، ئىمانىي كامالەتكە يەتكۈزۈش ھەم دىنىي ئەمەللەرنى بىجىرىشتىكى ئالىي دەستۇرى؛ ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ توپلىمى — «ھەدىس شەرىپ» بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاچقۇچ ۋە زۆرۈر دەرسلىك بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا ئىمان، ئەمەل بىجىرىش، قانۇن تەسىس قىلىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قىبلىنەماسى ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغان پۈتكۈل مۇساپىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ 40 ياشتىن 63 ياشقىچە بولغان 23 يىللىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىلىرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش مۇساپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمرگە بىنائەن تەشۋىق قىلغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىشقان مەزمۇن — "ئاللانى بىر دەپ تونۇش"تىن ئىبارەت توپ ئېتىقاد ۋە يادرولۇق نەزەرىيە باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن.

### 3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ شەكىللىنىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا (كىمنىڭ قانداق سايلىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىز بېسىپ ھوقۇق تۇتۇپ خەلىپە بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر)، ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى داھىيەنى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرگەن دۆلەت باشلىقى سۈپىتىدە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر بويىچە تەرغىب قىلغان ئاللا يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تۇغىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، مۇرەككەپ ۋە ئېغىر تارىخىي ۋەزىپە ئىدى.

ئەلۋەتتە، خەلىپىنىڭ پەزىلىتى، ساپاسى، قابىلىيىتى ۋە ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىدە بولغان سەگەكلىك تەھلىلى ۋە تونۇشى، شۇنداقلا قوللانغان يۈنىلىش، تەدبىر، تاكتىكىلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىش-ئالالماسلىقى ۋە غالىبىيەت مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى كەڭ مەنزىرە ئېچىشقا پايدىلىق بولۇش-بولالماسلىقى ئىنتايىن مۇھىم زور مەسىلە ئىدى. ئەمما، «قۇرئان كەرىم»نى شەكسىز روھىي تىرەك قىلىشنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق يېتەكچى ئىدىيە ئىكەنلىكىگە سەل قاراشقا تېخىمۇ بولمايتتى.

گەرچە ئەرەب يېرىم ئارىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن كەينى-كەينىدىن پەيدا بولغان بوھرانلارغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى نۇرغۇنلىغان مۇشكۈل، چىگىش مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بەنت بولۇشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۈندە بىجىرىشكە تېگىشلىك مىڭبىر ئىشلار ساقلاپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 23 يىل داۋامىدا كەينى-كەينىدىن يەتكۈزگەن ۋە جاكارلىغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ساقلاش، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ ساپلىقىنى مۇتلەق ئاسراش، ئۇنى قانۇن تەسىس قىلىش ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنىڭ، ھەق-ناھەق ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشنىڭ توپ ئاساسى قىلىش دەرۋەقە كېچىكتۈرۈشكە ۋە ئېرەنسىزلىك قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى.

شۇڭا، تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (632-يىلدىن 634-يىلغىچە خەلىپە بولغان) دىن تارتىپ، بۇ خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلدى؛ ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللا-

ھۇ ئەنھۇ (634-يىلدىن 644-يىلغىچە خەلىپە بولغان)مۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئون يىل ئىچىدە بۇ خىزمەتنى توختىتىپ، بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. تا ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (644-يىلدىن 656-يىلغىچە خەلىپە بولغان) دەۋرىگە كەلگەندە، ئاندىن بۇ ئۇلۇغ خىزمەت تاماملىنىپ، ئۆلچەملىك، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نۇسخا رەتلىنىپ چىقتى.

توپلاش، رەتلەش جەريانى مۇرەككەپ، مۇشەققەتلىك ئىدى، شۇنداقلا ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭغا تۇتىدىغان مۇئامىلىمۇ باشتىن-ئاخىر جىددىي، ئەستايىدىل ۋە تەلەپچان بولۇشى لازىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت، ماددىي-تېخنىكا شارائىتى سەۋەبلىك، پارچە-پارچە جاكارلانغان ئايەتلەر، پەقەتلا، ئاساسەن ئېغىز ئارقىلىق دەپ بېرىش، بىر-بىرىگە يەتكۈزۈش، ئېسىدە تۇتۇۋېلىش، يادلىۋېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ساقلاپ قېلىنغانىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يېزىش ئىقتىدارى بارلارنىڭ نەق مەزگىلدە خاتىرىلىۋالغان خاتىرىلىرىنىمۇ ئاساس قىلىشقا بولاتتى. بۇ خاتىرىلەر پەقەت پارچە-پارچە ھالدا، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بەزى ھايۋانات تېرىلىرىگە ياكى تۆگە، قويلارنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە ياكى خورما يوپۇرمىقىنىڭ دەستىسىگە ياكى تەكشىلەنگەن ئاق تاش پارچىلىرىغا خاتىرىلەنگەنىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش ۋە ساقلاپ قويۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ئۆز ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنى بۇ ئايەتلەرنى بەس-بەس بىلەن ئېسىدە ساقلىۋېلىش ياكى يادلاپ ئېلىشقا دەۋەت قىلغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەنىدى. شۇنداقلا مەدىنىلىك زەيد ئىبنى سابىتنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل بولۇشقا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ، كاتىپقا ئوخشايدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگىلا يۈرۈيدىغان خاتىرىچى بولۇپ، ئۇ خاتىرىلەپ قالدۇرغان ئايەتلەرنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپ ئىدى، ئۇنىڭدىن قالسا مۇئاۋىيە بولۇپ، ئۇمۇ نۇرغۇن ئايەتلەرنى خاتىرىلەپ ئالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن مۆمىنلەرنىڭ ئېسىگە ئورنىشىپ ئاغزاكى تارقىلىپ ئوقۇلۇپ كەلگەن ئايەتلەر بىلەن تاش، سۆڭەك، تېرە، ياغاچلاردا ساقلانغان يازما خاتىرە ئايەتلەر بىر-بىرىنى دەلىللەپ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن رەتلەپ چىقىلغان، بۇنىڭدا ئەسلى قىياپىتىنى سادىقلىق بىلەن قوغداپ قېلىش قاتتىق تەلەپ قىلىنغان.

ئەسلىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرقانداق سۈرە-ئايىتى جاكارلانغان ھامان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزئارا يەتكۈزۈلۈپ، بىر مەزگىل ئېغىزدىن ئېغىزغا تارىلىپ ئوقۇلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئايەتلەر يەنە ھەربىر نامازدا ئوقۇلىدىغانلىقى، مەسىلەن، ھەربىر رەكەت نامازدا قىيامدا تۇرغان چاغدا «سۈرە پاتىھە»نى ئوقۇشتىن سىرت يەنە بىرەر پۈتۈن سۈرىنى ياكى مەلۇم بىر ئۇزۇن سۈرىنىڭ بىرقانچە ئايىتىنى ئوقۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقى، كۆپىنچە بېگى سۈرە-ئايەتلەر ئالماشتۇرۇلۇپ ئوقۇلىدىغانلىقى، تەكرارلىنىدىغانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئايەتلەرنى يادلاش ئادىتى ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بولۇپ، نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئوقۇيالايدىغانلار، پىششىق يادلىۋالغانلار ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك ئىدى. بۇ ھال دەسلەپتە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاش ئىشلىرىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ يىللار ئەگەشكەن بىرمۇنچە مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىدىن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى رەتلەپ چىقىشقا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى.

مەسىلەن، مۇھاجىرلاردىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خەلىپىلىككە سايلانغان تۆت چوڭ ساھابە — ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىنى يادقا ئوقۇيالاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرگە ناھايىتى پىششىق ئىدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت، مۇھىت ۋە ھالەتلەرنى ئېنىق چۈشىنەتتى، مەلۇم

www.uyghurkitap.com

سۈرىدىكى مەلۇم ئايەتنىڭ نېمىگە قارىتىپ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسىم شەرىپىنى كۆرسىتەلەيدىغانلىرىمىزدىن: تۇلەيھە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ھۇزەيفە، ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد، ئامر، مۇئاۋىيە، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەبباس، ئىبنى زۇبەير، ئىبنى سائىبلار ۋە ئاياللاردىن ئائىشە، ھەفسە، ئۇممۇ سەلەمە قاتارلىق مەككىدە ۋاقتىدىلا ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىپ، ئاندىن رەسۇلۇللا بىلەن ھىجرەت قىلىپ، ھالاۋەتتىمۇ، ئازاب-مۇشكۇلاتلىرىدىمۇ بىللە بولغان زور بىر تۈركۈم ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭمۇ «قۇرئان كەرىم»گە بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئېسىدە ساقلىغانىدى. يەنە مەسىلەن، ئەنسارلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالغان، ئىسلام ئىنقىلابىنى چىن دىلىدىن بارلىق كۈچى بىلەن قوللاپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن نۇرغۇنلىغان مەدىنىلىك مۆمىنلەرمۇ نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان، يادلىۋالغان ھەتتا خاتىرىلىۋالغانىدى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەدىنە كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئۇزۇنلىرى كۆپرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزمۇنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەھكام، قانۇن-نىزام، بۇيرۇق(ئەمر)، ئەقىبنامەلەرگە چېتىلىدۇ. ئەنسارلاردىن ئۇبەي، زەيد، مائاز، ئەنەس، ئەبۇ دەردى ۋە ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار ئايەتلەرنى خاتىرىلىۋېلىش، يادلاش ۋە رەتلەش جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

دەرۋەقە، دائىم ئوقۇلىدىغان، قۇلاق پىشىپ قالغان، ھەممەيلەن بىلىدىغان كۆپ سانلىق سۈرە-ئايەتلەرنى توپلاش، رەتلەش چوقۇم ئۇڭۇشلۇق بولىدۇ، ئەمما بەزى سۈرە-ئايەتلەردىكى ئايرىم سۆزلۈكلەرنىڭ قوللىنىلىشى ياكى تەلەپپۇزىدا كىچىككىنە ئوخشىماسلىق سېزىلىپ قالسا، ياكى ئايرىم ئىبارىلەر پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ ياكى ئېغىزىدا تارقىلىپ، ئۇنى دەلىللەيدىغان كۆپلەپ قوشۇمچە پاكىتلارنى ۋاقتىنچە تاپقىلى بولماي قالسا، ياكى ئاساسلىنىدىغان يازما ماتېرىياللار كەمچىل بولسا، مۇنداق ئەھۋالدا، ئايەتلەرنىڭ ساپلىقى، توغرىلىقىنى مۇتلەق كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە قوغداپ، ئۇنى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە چىنلىقىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئۆلچەملىك نۇسخىنى تاماملاش جەريانىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى ۋە كېيىنگە سۈرۈلۈشىدىن خالىي بولماق تەس ئىدى. ئېھتىمال بۇمۇ ئۆلچەملىك نۇسخىنىڭ كېچىكىپ ئۈچ قارارلىق خەلىپىدىن ئۆتۈپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بېكىتىلگەنلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك.

تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن توپلىنىپ تۈپلەنگەن سۈرە-ئايەتلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ رەتلەنگەن نۇسخىسى «مۇسھەف»(«توپلام»دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان ۋە سېلىشتۇرۇلۇپ، ئاققا كۆچۈرۈلۈپ ساقلاپ قويۇلغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەدىرلەپ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا تاپقاندىن كېيىن بۇ «مۇسھەف»نى ئۇنىڭ قىزى، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەپىقىسى ھەفسە ساقلىغانىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلادى 644-يىلى ئۈچىنچى قارارلىق خەلىپە بولغان مەزگىلدە، ئەرەبلەرنىڭ يىراقلارغا يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى ئاللىقاچان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن نوپۇزلۇق كىتابنى ئاساس قىلىشقا تېخىمۇ ئېھتىياج تۇغۇلدى. مەدىنىدە ساقلىنىۋاتقان بىر نۇسخا «مۇسھەف»نىڭ كەڭ كۆلەمدە يېتەكچىلىك قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى تەس بولۇپ قالدى؛ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئايەتلەر ۋە ئاز ساندىكى قولىيازما كۆچۈرمە پارچىلار

www.uyghurkitap.com

بولسا، ناھايىتى تولۇق ئەمەس بولۇپ، ئۇلاردا يېرىم-ياتا بولۇپ قېلىش، كەم بولۇپ قېلىش، خاتا بولۇپ قېلىش، چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىدىن خالىي بولغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەرلىك لەھجە (شېۋە) لەرنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئوقۇلۇش ئۇسۇلى ۋە تىنىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇۋاتقانلىقى، قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈپ ئۇنىڭ رېتى قالايمىقان بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دائىم ئوخشىماسلىقلار يۈز بېرىپ تالاش-تارتىشلار كېلىپ چىققاندى ھەتتا توقۇنۇش ۋە قانلىق ۋەقەلەرگە سەۋەب بولۇپ قالايمىقانلىق ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم بىر ئۇستاز ئايەتلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپتۇ، تالىپلار ئۆگىنىۋېلىپ تارقىتىپتۇ، باشقا ئۇستازلار بولسا بۇ خىل ئوقۇش ئۇسۇلىغا قارشى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇستازلار ئارىسىدا، تالىپلار ئارىسىدا بەس مۇنازىرە بولۇپ كېتىپ، ر-بىرىنى سۆكۈشۈپتۇ، قارشى تەرەپكە بىدئەت لدىن چىققان دەپ ھۇجۇم قىپتۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ جىددىيلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ يېنىدىكى ئۇستاز-تالىپلار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولۇۋاتقان يەردە، يىراق جايلاردا ۋە تېخىمۇ كۆپ ساھەلەردە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان توقۇنۇشلار بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى يامان بولغۇدەك، دەپ قاراپتۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەتلىنىش خىزمىتىنى تېزلەتكەن ھەل قىلغۇچ ئامىل شۇ بولغانكى، ئەرمەنىيە ۋە ئەزەربەيجان رايونىغا يۈرۈش قىلغان ھوزەيفە قوشۇنىدىكى ئىراقلىقلار بىلەن سۈرىيەلىكلەر ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە چۈشىنىشىگە ئەمەل قىلىپ، بىر-بىرىگە يول قويماي، ئېغىر جېدەل-ماجىرا قىلىشىپ، ھوزەيفەنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتكەن، ئۇ ھېچ ئامال قىلالماي، مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى دەرھال تېزلىتىش توغرىسىدا جىددىي مۇراجىئەت قىلغان "مىللىتىمىزدە كىتاب توغرىسىدا يەھۇدىي، ناسارالاردىكىدەك ئىختىلاپلار شەكىللىنىشتىن بۇرۇن دەرھال بارلىق ئاماللارنى قىلىپ قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارساڭلار!" دەپ كەسكىن سۆزلىگەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ، پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر تۈغ سۈپىتىدىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نۇسخىسى بولغاندىلا، ئاندىن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئىسلام دىنىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە زورايتقىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ھەفسە ساقلاۋاتقان «مۇسھەف»نى ئەكەلدۈرۈپ، 651-يىلى زەيد ئىبنى سابىتنى «قۇرئان كەرىم»نى تەھرىرلەش ھەيئىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەن ھەمدە ئىبنى زۇبەير، سەئىد ۋە ئابدۇرەھمان قاتارلىقلارنى قاتناشتۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى يېڭىباشتىن رەتلەپ، كۆچۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇرغان.

بۇ خىزمەتنى ئىشلەش داۋامىدا، يەرلىك لەھجە(شېۋە)لەرنىڭ تەلەپپۇزىدا ئازراق پەرق بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ۋە توسالغۇ پەيدا قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، قۇرەيش تىلى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ ھەمدە جەمئىيەتتە ھەققەتەن چۈشىنىشلىك يۈرۈشۈۋاتقان باشقا لەھجەلەرگىمۇ ئېتىبار قىلىنىپ، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈرىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ يېڭى نۇسخا "ئۆلچەملىك مۇسھەف" ياكى "ئوسمانىي نۇسخا" دەپ ئاتىلىپ، بۇرۇن رەتلەنگەن نۇسخىلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ نۇسخا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى بىرقانچە نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ، بىر نۇسخىسنى مەدىنىدە ئېلىپ

قېلىپ، قالغانلىرىنى مەككە، دەمەشق، كۇفە، بەسرە، يەمەن ۋە بەھرەيىنلەرگە ئەۋەتىپ ساقلىغان. بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ نۇسخا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھو ئەنھۇ دەۋرىدىكى «مۇسھەف»نىڭ ئورنىنى ئىگەللەپلا قالماستىن، بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى شەخسلەرنىڭ قولمۇقول كۆچۈرۈشى بىلەن جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن بارلىق كۆچۈرمە نۇسخىلار بىكار قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن شۇنداقلا بىردىنبىر ئۆلچەملىك «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسى پۈتۈن دۇنيادا تارقالغان. ھازىرغىچە 1300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە بارلىققا كەلگەن مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ قوليازما نۇسخا، باسما نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نۇسخىنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭدا بىرەر جۈملە، بىرەر سۆز، بىرەر ھەرىپنىمۇ ئۆزگەرتىپ قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ، ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇلمىغان، قاتتىق تەكشۈرۈلمىگەن نۇسخىلارنىمۇ تارقىتىشقا بولمايدۇ.

خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۆچۈرگۈزۈپ ساقلاپ قويغان ئەسلى نۇسخا ناۋادا تولۇق ياكى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك بىباھا گۆھەر بولاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەدىنىدە ساقلانغان ئەسلى نۇسخىنى كېيىنكى چاغلاردا تۈركىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلىيام II گە سوۋغات قىلغانىكەن («ۋېرسال ئەھدىنامىسى»نىڭ 8-ماددا 2-بۆلەك 246-تارمىقىدىن پايدىلىنىڭ). ھەرقايسى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان يەتتە نۇسخىدىن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى مىلادى 15-ئەسىردە سەمەرقەنتكە كېلىپ قالغانىكەن، ئۇ قوي تېرىسىگە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى ناھايىتى زور ئىكەن. 1869-يىلى چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى بايقاپ قىلىپ ۋە سېتىۋېلىپ پېتېربورگ ئىمپېرىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلاپ قويغانىكەن، بۇ شەرق ئالىملىرىنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، 1900-يىلى ئۇنى 50 نۇسخا تەقلىدى ئىشلەپ، چەت ئەلدىكى بەزى چوڭ كۇتۇپخانىلارغا ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 1924-يىلى بۇ ئەتىۋارلىق ئەسەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تاشكەنت مۇزېيىغا ساقلاشقا ئاپىرىپ قويغانىكەن. تارقىلىپ يۈرگەن بۇ گەپنىڭ ئىشەنچىلىك دەرىجىسى قانچىلىك؟ ئۇ نۇسخا زادى 7-ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەسلى نۇسخىمۇ؟ — بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. ئەگەر تارقىلىپ يۈرگەن گەپ يالغان بولمىسا، كۆرمىڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتكەن، دەۋر، خاندانلىقلار ئالمىشىپ تۇرغان، سۇنئىي ۋە تەبىئىي بالايىئاپەتلەر بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، قىممەتلىك بۇ مەدەنىي يادىكارلىق تىنچ-ئامان، ئەسلى قىياپىتى بويىچە ساقلىنىۋاتامدۇ، يوق؟ بۇنىسى بىزگە تېخىمۇ نامەلۇم.

لېكىن شۇنى جەزمەن مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ ئۆلچەملىك نۇسخا ئېتىراپ قىلىنىپ تەھقىقلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر جۈملە، بىرەر سۆز ھەتتا بىرەر ھەرپمۇ قوشالمىدى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ساپلىقى ۋە ئەسلىدىكى چىن قىياپىتى ساقلاپ قېلىندى. ئۇ مۇزېيغا قويۇلۇپ ”قەدىمىي مىراس“ سۈپىتىدە پېچەتلەپ ساقلاپ قويۇلمىدى بەلكى مىلياردلىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بارغانسېرى كەڭ تارقىلىپ كەلدى، باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ھېچقانداق ئىز كۆرۈلمىدى. بەزى غەرب ئالىملىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى جايلىرى چۇۋالچاق، تۇتۇق-چۈشىنىكسىز، باش-ئاخىرى باغلانمىغان دەپ مازاق قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ باققان-باقمىغانلىقىنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەت ئۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە يۈزەكى ھۆكۈملىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بۇ دەل «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ چىنلىقىنى، ئۇنىڭدا سۈنئىي تۈزىتىش-زىننەتلەرنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 4. ۋاقىتنى چەك قىلىپ، يەر نامىدا تۈرگە ئايرىش ئالامەتلىرى

«قۇرئان كەرىم» ۋەھيىلىرى پەيغەمبىرىمىز تەيىنلەنگەن كېچىسىدىن باشلىنىپ، ئۇنىڭ دىنىي تەرغىبات ۋەزىپىسى ئاساسەن تاماملانغاندا ئاخىر-لاشقان بولۇپ، 23 يىل ۋاقىت داۋاملاشقان.

باشتا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىدا، سۈ-رە-ئايەتلەر نازىل بولغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە "مەككە سۈرىسى" ۋە "مەدىنە سۈرىسى" دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ چېكىنى ئايرىش ئۆلچىمى ئاساسەن مىلادى 622-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل بولغان ۋەھيىلەر "مەككە سۈرىسى" دەپ ئاتالغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغانلىرى بولسا، "مەدىنە سۈرىسى" قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ چەكتە ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە يىلنا-مىسى ئاساس قىلىنغان، چۈنكى كېيىنچە بېكىتىل-گەن ھىجرىيە يىلنامىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان يىلى باش يىل دەپ تونۇلغان. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل تۈرگە ئاي-رىشتىنلا مەلۇم سۈرىنىڭ باش يىلدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

يەر نامى بويىچە ئايرىشقا قاراپلا، شۇ دائىرى-دىكى ئايەتلەرنى پەقەت مۇشۇ ئىككى جايدىلا نا-زىل بولغان دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئەمەلى-يەتتە، يول ئۈستىدە ياكى ئۇرۇش مەزگىلىدە نازىل بولغان ئايەتلەرمۇ بار. شۇڭا، تۈرگە ئايرىشتا "مەككە سۈرىسى" ياكى "مەدىنە سۈرىسى" دەپ قويۇلغان نام پەقەتلا تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچى بويىچە ۋەكىللىك خاراكتېردە ئېيتىلغان يەر نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تۈرگە ئايرىش پرىنسىپى: نازىل بولغان ۋاقىت-نى توپ ئاساس قىلىش، يەر نامىنى ئايرىش ئالامە-تى قىلىش، يەنى ماكانىنى نام قىلىش، زامانىنى چەك قىلىشتىن ئىبارەت.

سۈرىلەر تۈرىنى ئايرىش جەھەتتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە بېسىلغان ھەر خىل نۇسخىلىرىدا سۈرە نامى ئاستىدا ئىشارەت بەلگىسى بار، لېكىن ئايرىم سۈرىلەرنىڭ تۈرگە ئاي-رىلىشىدا ئانچە-مۇنچە پەرقمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر نەچچە سۈرە گەرچە مەلۇم تۈردە دەپ ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارىسىغا يەنە بىر تۈردىكى بىرنەچچە ئايەت قىستۇرۇلۇپ قالغان. شۇڭا، بەزى ماقالىلەردە، تۈرگە ئايرىلىش سانى تونۇشتۇرۇلغاندا بىرمۇنچە ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، 114 سۈرە ئىچىدە مەككە سۈرىلىرى ئالاھەزەل تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى، مەدىنە سۈرىلىرى ئالاھەزەل تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن مەككە سۈرىلىرى كۆپرەك قىسقا سۈرىلەر، مەدىنە سۈرىلىرى كۆپرەك ئۇزۇن سۈرىلەر. «قۇر-ئان كەرىم»نىڭ مىسىر نەشرىيات ئىدارىسى 1952-يىلى نەشر قىلغان نۇسخىسىنىڭ، يەنى مەملىكىتىمىزدە كۆپلەپ بېسىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت-كە تارقىتىلغان نۇسخىسىنىڭ سۈرە نامى ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈشىدە، 34 مەككە سۈرىسى ئىچىدە ئاز ساندا مەدىنە ئايەتلىرى بار، بەش مەدىنە سۈرىسى ئىچىگە ئاز ساندا مەككە ئايەتلىرى قىستۇرۇلغان. بۇ نۇسخىدىكى ئومۇمىي تۈرگە ئايرىش بويىچە بولغاندا، مەككە سۈرىلىرى جەمئىي 86 سۈرە، مە-دىنە سۈرىلىرى جەمئىي 28 سۈرە.

مەككە ۋەھيىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۈرى-لەرنىڭ ھەجمى قىسقىراق، ئۇلاردا ئايەتلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھەربىر ئايەت بەزىدە پەقەت بىر قىسقا جۈملىدىنلا ئىبارەت، بىر مۇكەممەل جۈملىنى ئىككى-ئۈچ ئايەتكە بۆلۈۋەتكەنلىرىمۇ بار (مەسىلەن، 77-سۈرە «مۇرسەلات»، 1—7-ئايەتلەر)؛ مەدىنە سۈرىلىرىدە بولسا، ئومۇمەن ئۇزۇن سۈرىلەر كۆپ-رەك، مەسىلەن، ئەڭ ئۇزۇن سۈرە — 2-سۈرە «بەقەرە» جەمئىي 286 ئايەت بولۇپ، ئۇنى مەككە سۈرىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىسقا سۈرە — 103-سۈرە («ئەسر» سۈرىسى، پەقەت ئۈچلا ئايەت

) بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئومۇمىي ئايەت سانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1 :95، ئەمەلىيەتتە 2-سۈرىنىڭ ھەجمى 103-سۈرىنىڭكىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق، بۇ قىسقا سۈرە ھەتتا ئۇزۇن سۈرىنىڭ بىر ئايىتىدىنمۇ قىسقا، 2-سۈرىنىڭ 282-ئايىتىنى مىسالغا ئالساق، بۇ بىر ئايەت 103-سۈرىنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

مەزمۇن ۋە ئەدەبىي ئۇستېدات جەھەتتىن قارىغاندا، مەككە دەۋرىدىكى ۋەھيىلەر ئىخچام ۋە ئۆتكۈر، ھېسسىياتى كۈچلۈك، مەردانە-جۇشقۇن، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋەھيىلەردۇر. بۇ ۋەھيىلەردە ئاللانىڭ تەنھالىقى ۋە تەڭداشسىزلىقى، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىللىقى، ياخشىلىقنى مۇكاپاتلاپ، يامانلىقنى جازالايدىغانلىقى، جەننەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە دوزاخنىڭ مۇدھىشلىقى، بۇ دۇنيانىڭ قىسقىلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى بايان قىلىنغان بولۇپ، جانلىق سۈرەتلەنگەن بۇ بايانلار كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاجايىپ سىرلىق قەسەم سۆزلىرى، تاۋۇش ئاھاڭلىرىنىڭ مۇڭلۇق ۋە ياڭراق رىتمى، سۆز-جۈملىلەرنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ. مەدىنە دەۋرىدىكى ۋەھيىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن بايانلار بولۇپ، قانۇن تەسىس قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، بۇنىڭدا، دىنىي تۇرمۇش جەھەتتىكى رەسمىيەتلەر، مەسىلەن، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تۈزۈملەر پرىنسىپال بەلگىلىنىشتىن سىرت، تېخىمۇ كۆپرەك ئەنئەنىۋى تۇرمۇش، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال جەمئىيەتكە قارىتا نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەر قويۇلغان، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر توغرىدىن-توغرا بايان قىلىنغان، ئوچۇق، راۋان، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، مەككە سۈرىلىرىدىكى مەنىسى يوشۇرۇن ۋە مۇرەككەپ بايانلارغا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن يەنە بىر خىل ئۇسلۇب.

## 5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقىچە نام شەرىپلىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئاتىلىشى بار. ئۇنىڭ بەزىلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان. كەڭ مۇسۇلمانلار بۇ كىتابنى يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەيدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خىلمۇ-خىل ھۆرمەت ناملىرىنى، گۈزەل ناملارنى بېغىشلىغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ كۆپ خىل نام شەرىپى شەكىللەنگەن.

ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئاتالغان ۋە ئەڭ ئومۇملاشقان نامى يەنىلا «قۇرئان»، تولۇقسىز ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بۇ نام تەخمىنەن 37 سۈرىدە 68قېتىم تىلغا ئېلىنغان (يەنە ئىككى يېرىدە " قىرائەت قىلىش" مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، نام ئەمەس). ئۇنىڭ باشقىچە نام شەرىپلىرى توغرىسىدا، مىسىرلىق مۇفەسسىر (تەپسىرشۇناس) جالالىدىن سۇيۇتى ئۆزىنىڭ «ئەل ئىتقان فى ئۇلۇم ئەل قۇرئان» («قۇرئانشۇناسلىق ھەققىدە بايان») دېگەن ئەسىرىدە 55 خىل نامنى يىغىنچاقلاپ چىققان. بۇلاردىن «قۇرئان» دېگەن نامدىن باشقا 54 خىل نام تۆۋەندىكىچە:

1. ئەل كىتاب
2. ئەل ۋەھيى
3. ئەت تەنزىل
4. ئەس سۇھۇف
5. ئەز زىكر
6. ئەل فۇرقان
7. ئەل ھىكمە
8. ئەل ھەق
9. ئەل ئادىل
10. ئەل ئەجەب
11. ئەل ئەرەبى
12. ئەل ئەلى
13. ئەل ئەزىز
14. ئەل ئەمر
15. ئەل بەلاغ
16. ئەل بەسائىر
17. ئەل بەشىر
18. ئەل بەيان
19. ئەل بۇرھان
20. ئەل بۇشرە
21. ئەل ھەبل
22. ئەل ھادى
23. ئەل ھەكىم
24. ئەل ھەسەن ئەل ھەدىس
25. ئەل ھۇدە
26. ئەل ئىلم
27. ئەل كەلام
28. ئەل كەرىم
29. ئەل مەجىد
30. ئەل مەرفۇئ
31. ئەل مەسۇن
32. ئەل مۇئىز
33. ئەل مۇبارەك
34. ئەل مۇبىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

35. ئەل مۇھەيمىن 36. ئەل مۇكەررەم
37. ئەل مۇنادى 38. ئەل مۇسەددىق
39. ئەل مۇتەھھىر 40. ئەل مۇتەشەبىھ
41. ئەن نەبەئ ئەل ئەزىم 42. ئەن نەزىر
43. ئەن نۇر 44. ئەل قەييىم
45. ئەل قەسەس 46. ئەل قەۋل ئەل فەسل
47. ئەر رەھمەھ 48. ئەر روھ
49. ئەل شىفا 50. ئەل سىدىق
51. ئەس سىراتئەلمۇستەقىم 52. ئەت تەزكىر
53. ئەل ئۇرۋە ئەل ۋۇسقا 54. ئەز زەبۇر

يۇقىرىقى ناملار ئىچىدە ئالدىنقى سەككىز خىلى «قۇرئان كەرىم»دە كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇنىڭدىن 6-خىلى — «فۇرقان» دېگەن نام تېخى 25-سۈرىنىڭ سۈرە نامى قىلىنغان. بۇ 50 نەچچە خىل باشقىچە نام، «قۇرئان كەرىم»نىڭ خۇسۇسىيىتى ياكى رولىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن، لېكىن بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقىچە نام شەرىپىگە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان سۆزلۈك بولۇشى ناتايىن، ئەگەر بىز ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇنىڭدىكى بەزى ناملارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاتائالاغا مەدھىيە ئوقۇپ ئېيتىلىدىغان ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىم-شەرەپلىرىگىمۇ قوللىنىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز، مەسىلەن، (8)ئەل ھەق، (9)ئەل ئادىل، (22)ئەل ھادى، (23)ئەل ھەكىم، (35)ئەل مۇھەيمىن، (43)ئەن نۇر... لارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاتائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسىم شەرىپى ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى سۆزلۈكلەرنى ئىسىم، سۈپەت سۈپىتىدە ئادەتتىكى تىل مۇھىتىدا قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقىچە نامى بولۇشى ناتايىن. ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تېخىمۇ تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئەڭ ئاخىرقى بىر نام "ئەز زەبۇر" دەل «قۇرئان كەرىم»دە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان دەپ تىلغا ئېلىنغان كىتابنىڭ نامى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

## 6. «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىپ» ئۇقۇمىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ

گېزى كەلگەندە، «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىپ»نىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى سۆزلەپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس. چۈنكى، بەزى ماقالىلەردە بۇ ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئالدىغا "مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ" دېگەن سۆزلەر قوشۇپ قويۇلغان، ياكى «قۇرئان»نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد دەپ قويۇلغان. بۇ ئەھۋال ئەگەر ساۋات ئوقۇمى خاتالىقىدىن كېلىپ چىقمىغان بولسا، ئۇ ھالدا جەزمەن غەرەزلىك قىلىنغان بولىدۇ، ئۇلار «قۇرئان»مۇ، «ھەدىس»مۇ مۇھەممەدنىڭ لەۋزى، ياكى ئۇ ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، بۇلاردا بايان قىلىنغىنىنىڭ ھەممىسى مۇھەممەدنىڭ شەخسىي پىكرى، دېگەن ھېسسىيات بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىمۇ بىراقلا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ، ياكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلار، مۇھاجىرلار، ئەنسارىلاردىن تارتىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد كەلگەن مۇسۇلمانلارغىچە ھەممەيلەن بۇ ئىككىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرىدۇ، ئۇلاردا بۇ ئۇقۇم ئىنتايىن ئېنىق. پەرقلەندۈرۈش دېگىنىمىز بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ۋە زىت قىلىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاللاتائالا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرقلەندۈرمەي ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ دېگەنلىك.

«قۇرئان كەرىم» ئاللانىڭ سۆزى، ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن بېشارىتى ۋە ۋەھىيسى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆگەتكەن، يەتكۈزگەن چاغدا، چىن ئېتىبار بىلەن جىددىي تۇرۇپ جاكارلىغان. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىن كەسكىن ئايرىپ بايان قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ۋە مېڭىسىدىمۇ بۇ ئىنتايىن ئېنىق. ئۇلار بۇلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى

تەرجىمە نۇسخىسىنى ئوقۇغان ياكى ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرگەن چاغدا، "ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى" دەۋېتىپ، ئاندىن «قۇرئان كەرىم»دىن نەقىل ئالىدۇ، "رەسۇلۇللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى" دەۋېتىپ ئاندىن «ھەدىس شەرىپ»دىن نەقىل ئالىدۇ. ھەرگىز ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەتتا غەيرىي مۇسۇلمان غەرب ئالىملىرىمۇ ئېتىراپ قىلماقتا، مەسىلەن، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى توماس لىپمان مۇنداق دەپ قارىغان: "قۇرئان ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئاتا قىلغان كىتابى، ئۇ جىمى ئەقىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق تولۇقلاش كەتمەيدۇ. خرىستىئان دىنىدا، ھەۋارىيون پاۋل خەت-چەكلىرى «بىبلىيە» (مۇقەددەس كىتاب) دەپ ئىززەتلىنىدۇ. لېكىن «قۇرئان»دا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەسىلىلار بولمايدۇ. بۇ ئۆلچەملىك نۇسخىنىڭ جىمى ئايەتلىرىنى بارلىق مۇسۇلمانلار بىردەك قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ 7-ئەسىردە دۇنياغا كەلگەندىن بېرى، ئەسلىدىكى تىل ئۇسلۇبىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ كىتاب— ھېچبىر بەندىنىڭ ئەمەس— ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ غەيرىي دىنى ئالامىتى. ئۇ ئىلاھنىڭ بېشارىتىنى ئالغان بەندە تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ ئەسلى سۆزىنىڭ تەقلىدىي بېسىلىشى، قەلىپ ستىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: 'ئەينەن ساماۋى كىتابنىڭ تەقلىدى نۇسخىسى'."

«ھەدىس شەرىپ» بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرىنىڭ خاتىرىسى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، مۇسۇلمانلار ئىززەتلەيدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان دىنىي داھى، لېكىن ئۇ يەنە كۆپچىلىك بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاددىي بەندە. ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن سۆزلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنىنى ئىزاھلاپ ياكى «قۇرئان كەرىم»دىكى بەزى پرىنسىپال بەلگىلىمەلەرنى كونكرېت تولۇقلاپ، ئۇنى شەرىئەت تۈزۈمى قىلىپ چىقىشتا كۈچلۈك يېتەكچىلىك رول ئوينىغان، مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە ناماز ئۆتەش قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن، بەزىدە سۈبھى ۋاقتى؛ كۈن ئولتۇرغان چاغ(كەچقۇرۇن)، گۈگۈم ۋاقتى ۋە كېچىدە ئاللاتائالانى خاتىرىلەشمۇ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ پەقەت پرىنسىپال ئەسكەرتىش بولۇپ، كۈنىگە بەش ۋاقتىن ناماز ئوقۇش، ھەربىر ۋاخ ناماز قانچە رەكەت بولۇشقا ئوخشاش تەپسىلىي قائىدىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ياكى ھەرىكىتى(كونكرېت ئەمەلىيىتى) گە ئاساسەن بىر يۈرۈش سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن، دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە، رەسمىي سورۇنلاردا قىلغان نۇتقى، سۆھبىتى، ۋەز-نەسىھەتلىرى، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بار، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاما بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى پاراڭلىرى، مۇڭدىشىشلىرى بار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئۆز ئىچىدە ئالماشتۇرۇشقان پىكىرلىرى ياكى مەدەت بېرىش ۋە تەنقىد قىلىشلىرى بار، ھەتتا قىزىقچىلىق قىلىپ قىلغان چاقچاقلىرى ياكى باللارغا ئامراقلىق قىلىپ كۆلدۈرۈپ ئويناتقانلىرىمۇ يوق ئەمەس. «ھەدىس شەرىپ»نى توپلاپ كىتاب قىلىپ چىققۇچىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىززەت-ئىكرام نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى بىرىنىمۇ قويماي يىغىپ ئېلىشقا تىرىشقانلىقى چۈشىنىشلىك، ئۇنى رەتلىگۈچىلەر بۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە جىددىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولغان. توغرا-توغرا ئەمەسلىكىنى، ئۆزگىرىپ كەتمەي چىن بولغان-بولمىغانلىقىنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن سىلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ چىقىش ھەمدە بايان قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىش ئىشلىرىدا ئېخمۇ ئىنچىكە بولۇپ، زەررىچە بىخەستەلىك قىلمىغان. لېكىن «ھەدىس شەرىپ» نىملا قىلغان بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشىمايدۇ، گەرچە ئۇمۇ يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولىدىغان كىتاب بولسىمۇ، ئەمما بەربىر پەقەت بىر بەندىنىڭ ياكى بىر ئادەتتىكى ئۇلۇغ زاتنىڭ سۆز-

ھەرىكىتى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دەك مۇتلەق نوپۇزلۇق ئەمەس.

ساقلاش، رەتلەش جەھەتتىن قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىپ»نىڭ ھەر ئىككىسلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن توپلىنىپ كىتاب قىلىپ چىقىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەھۋال زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» — ۋەھيى نازىل بولغاندىن كېيىن دەرھال يەتكۈزۈلۈپ جاكارلانغان، ئۇنى كۆپچىلىك پىششىق يادلاپ ئېلىپ ئوقۇغان، مەخسۇس ئادەم خاتىرىلەپ ساقلىغان، دىنىي مۇراسىملاردا دائىم تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرغان، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان بولغان، شۇڭا، ئۇنى توپلاپ كىتاب قىلىپ چىقىش، سىلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ناھايىتى ئاساندى، ئۇنى بىر-ئىككى ئادەم دەپ بەرسىلا ھېساب بولمايتتى، ھەربىر سۈرە، ھەربىر ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئىدى، ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەلىللىشىمۇ قەيىنغا توختىمايتتى. «ھەدىس شەرىپ»نىڭ بولسا، ئەينى ۋاقىتتا كىتاب خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇقەررەر ئەمەس ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىدىن كەچكىچە ئاما بىلەن كوللېكتىپ ياكى ئايرىم ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەتكۈزۈپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، دىنىي مۇراسىملاردا جەزمەن ئوقۇلۇشىغا تېخىمۇ ھاجەت چۈشمەيتتى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى، ئارىلاشقانلىكى ئادەمنىڭ «ھەدىس شەرىپ» توپلىغۇچىلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن ئىدى، بۇ ماتېرىياللار قوبۇل قىلىنىشىمۇ، تاشلاپ قويۇلۇشىمۇ، گۇمانلىق قارىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. رەتلەش ۋە توپلاپ كىتاب قىلىپ چىقىشنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇكى: «قۇرئان كەرىم» رەسمىي جاكارلانغان، ھەممىگە ئايان بولغان ئاللا ۋەھيىسى بولۇپ، ئۇنى ئەسلى پېتىچە، ئەينەن ساقلاش لازىم، ھەرقانداق بىراۋنىڭ ئۇنى يالغاندىن ئۆيدۈرۈپ تولۇقلىشى، ئۇنىڭدىكى بىرەر سۆز، بىرەر ھەرپنى قىسقارتىشى، شەكلى ياكى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ؛ «ھەدىس شەرىپ» بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرلۈك سورۇنلاردا ئاممىغا ياكى شەخسلەرگە قىلغان سۆزىنىڭ، ياكى باشقىلار ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، بۇ خىل ماتېرىيالنى ھەركىم تەمىنلىيەلەيدۇ. رەتلىگۈچىلەرمۇ تاللاش بىلەن بەزىلىرىنى ئېلىپ بەزىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ چىقىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئورنى «قۇرئان كەرىم»دىنلا كېيىن تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنى مۇتلەق نوپۇزلۇق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەقەت بىرلا خىل بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئۆلچەملىك نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەر سۈرە، بىرەر ئايەت، بىرەر جۈملە، بىرەر سۆزنى ھەتتا بىرەر ھەرپنىمۇ كۆپەيتىشكە ياكى ئازايتىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ئېسىدە ساقلىۋالغۇچى، يادلىۋالغۇچى، خاتىرىلىۋالغۇچى، ساقلىغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممە ئېتىراپ قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ماتېرىيال تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىسىم شەرىپىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. «ھەدىس شەرىپ»نىڭ بولسا كۆپ خىل نۇسخىلىرى بار. ئالتە ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەتتا تېخىمۇ كۆپ زاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا توپلاپ تۈپلىگەن نۇسخىلىرى بار، ئۇلار تاللىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما تاللاش جەھەتتە پەرق بار. توپلىغۇچىلار بايان قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر-بىرلەپ بېرىشى كېرەك، بۇنىڭدا ناۋادا ۋاستىلىك بايان قىلغۇچى بولسا كۆپىنچە، "پالانى رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭغا يەنە پالانى رىۋايەت قىلغان" دېگەن سۆزلەر ئەسكەرتىلىدۇ، بەزىدە يالغۇز ئىسىملارلا بىر تالاي بولۇپ، بايان قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئىگەللىگەن سالمىقى ھەتتا شۇ ھەدىسنىڭ سالمىقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرقانداق بىر جۈملىسىدىن ھېچقانداق گۇمان قىلىشقا

بولمايدۇ، ئۇنىڭ نوپۇزلۇقى ئۇنىڭ قىبلىنەما بولۇشى ۋە قەتئىي ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلىنىشى لازىملىقىدا؛ «ھەدىس شەرىپ»تىكى ”سۈننەت“كە ياتىدىغان بەزى رەسمىيەتلەرنى ئەستايىدىل ئادا قىلغانلار ماختىلىدۇ، ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە قۇدرىتى يەتمىگەنلەر سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. تاللانمىدىكى ئايرىم ياكى ئاز ساندىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە، ناۋادا نەزەرىيىۋى ئاساس تولۇق بولسا ھەمدە جىددىي ۋە سالماق پوزىتسىيە تۇتۇلغان بولسا، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا، گۇمانلىنىشقا ياكى راست-يالغان ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بەس-مۇنازىرە قىلىشقا يول قويۇلىدۇ. ئەرەب دۇنياسىدا، مۇسۇلمان ئەللىرىدە گېزىت-ژۇرناللار يۈزىدە مەلۇم بىر ھەدىسنىڭ راست-يالغانلىقى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ژانىر (ئۇسلۇب)، تىل، خاراكتېر جەھەتتىن قارىغاندا، ئەرەبچە تىل-يېزىقنى بىلىدىغان كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا شۇنى ھېس قىلىدۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئالاھىدە بىر خىل ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇسلۇب سۆزلەرنىڭ ئېلىنىشى، جۈملىلەرنىڭ ياسىلىشى، سۆز رېتىمى، ۋەزنى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنىڭ نازۇك ۋە سىرلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەرقانداق بىر چېۋەر تەرجىمانمۇ باشقا بىر خىل تىلدا روشەن بايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. شەرق ۋە غەرب ئالىملىرىمۇ ئۇنى ئەرەب تىلىنىڭ نەمۇنىسى دەپ مەدھىيىلىمەكتە. ھالبۇكى، «ھەدىس شەرىپ»نىڭ تىلى، ئۇسلۇبى ھەم ئوخشاشلا ئەرەبچە بولسىمۇ، پەقەت كۆڭۈل قويۇپ سېلىشتۇرۇپ، ئىنچىكە كۆزىتىپ باقىدىغانلا بولساق، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى ھېس قىلالايمىز.

شۇڭا، ئىلمىي تەتقىقاتتا، ياكى قولىمىزغا قەلەمنى ئېلىپلا ماقالە يازغاندا، ئىلھاملىنىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە، ناۋادا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ» تىلغا ئېلىنىپ قالسا، ئۇقۇمنى ئېنىق ئايرىشىمىز، نەقىل كەلتۈرگەن «قۇرئان كەرىم» ئۈزۈندىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن دەپ قويماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، ئادەتتىكى ساۋات، قائىدە جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىپ» قانداقلا بولمىسۇن مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تارقالغان، ھەممىگە ئايان بولغان، قېلىپلىشىپ قالغان ئىككى قوللانما بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىخەستەلىك بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى، ئەمەتنىڭ دوپپىسى سەمەتكە كىيدۈرۈلۈپ قويۇلماسلىقى لازىم.

(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئىمان خىسلەتلىرى

ئىماننىڭ تېنى بەش ۋاخ نامازدۇر. ئىماننىڭ دىلى قۇرئان ئوقۇماقتۇر.
ئىماننىڭ نۇرى راست سۆزلىمەكتۇر. ئىماننىڭ ھالاۋىتى پاكلىقتۇر.
ئىماننىڭ شەرىئىتى ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام بىلمەكتۇر.
ئىماننىڭ ھۆكۈمى-ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، غەزىپىدىن قورقماقتۇر.
ئىماننىڭ ئۇلۇغ تەرىپى- ئاللاتائالانى كۆپ ياد قىلماقتۇر.
ئىماننىڭ پوستى شەرم ھايا، مېۋىسى روزا، تەئىمى ئىلىم، بەركى تەقۋا، مېغىزى دۇئا، كامالىتى سەبردۇر.
ئىماننىڭ بىخى ئىخلاسدۇر، جايى (ئۆيى) مۆمىن بەندىلەرنىڭ دىلىدۇر.
ئىماننى ئاللاتائالا ئۆز نۇرىدىن ياراتقاندۇر. (”72 پەرز“ ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

(مۇختار ياقۇپ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى ۋە بەزى تەجۋىد ئەھكاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

قەمەردىن ئەھمەد

## I «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ھازىر جەمئىيەتتە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر خېلى نۇرغۇن. بىز ئۇلارنى نەزىر-چىراغ سورۇنلىرىدا ياكى مەسچىتلەردە ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلىدىغانلاردىن قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن سوراپ ئۆگەنگەن، ھەتتا بەزىلىرى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبە ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆگەنگەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بۇ روھى ”بىلمەيدىكەنمەن“، ”تىلىم كەلمەيدىكەن“، ”ياش چوڭ بولۇپ قالغاندا ئاسان ئۇنتۇپ قالىدىكەن كىشى“ دەپ بىكار يۈرگەنلەردىن ياخشى. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى، چۈشىنىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل قىلغان. مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئېتىقادىنىڭ يېتەكچىسى،بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ ئۈلگىسى، «قۇرئان كەرىم»نى بايان قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانلارغا پارلاق بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۆزىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق كىشى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى بىلىشى ۋە ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشى كېرەك. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 73-سۈرە «مۇزەممىل»نىڭ 4- ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **”قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن.“** «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاتائالا بۇيرۇغان بويىچە دانە-دانە توغرا ئوقۇش ئۈچۈن تەجۋىد ئەھكاملىرىنى بىلىشتەك مۇھىم ئامىلنى ھازىرلاش ۋە ئۇنى ئوقۇماقچى بولغان كىشىدە سەۋر-تاقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. سەۋر-تاقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئوقۇغان كىشىلەرلا «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىغۇچى كىشىنىڭ يەنە ئاڭلىغۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ، ھەتتا بەزىلەر پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد ئەھكاملىرى بويىچە توغرا، پىششىق يادقا ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. مەن تۆۋەندە سەۋر-تاقىتى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشقا ئىخلاسى بار كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز نەزىرىمدە ئاسان دەپ ھېس قىلغان ئاددىي ئۇسۇلنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

**1. ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي سېلىشتۇرما**

ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ئوتتۇرىسىدا بەزى ئوخشاشلىقلار بار. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا قاراخانىيلار خانلىقى پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ساتۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دەپ ئاتالغان. قاراخانىيلار خانلىقى ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىدە زور كۆلەمدە مەسچىتلەرنى سالدۇرغان. دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ دىن تەشۋىق قىلغۇچى تايانچلارنى تەربىيىلىگەن. نەتىجىدە نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. بۇنىڭدا بولۇپمۇ تىل مەدەنىيىتى گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۆچمەس نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1-توم، 8-بېتىدە مۇنداق دېگەن: ”خاقانىيە تىلى ا، ف، خ، و، ز، ق، ي، ك، د، م، ن، س، ب، ج، ر، ش، ت، ل قاتارلىق 18 ھەرپ ۋە بىرقانچە

سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىدىن تۈزۈلگەن ". دېمەك، شۇ ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدە ئەرەب تىلى ئېلىپبە ھەرپلىرى ئورۇن ئىگەللەشكە باشلىغان.

ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ا(ئەلىف)، ب(بە)، ت(تە)، ث(سە)، ج(جىم)، ح(ھە)، خ(خە)، د (دال) ذ(زال)، ر(رە)، ز(زە)، س(سىين)، ش (شىين)، ص(سات)، ض(زاد)، ط(تا)، ظ(زا) ، ع(ئەين)، غ(غەين)، ف(فە)، ق(قاف)، ك (كاف)، ل(لام)، م(مىم)، ن(نۇن)، ھ(ھە)، و (ۋاۋ)، ي(يا) دىن ئىبارەت 28 ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ئا، ئە، ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ۋ، ئې، ئى، ي دىن ئىبارەت 24 ئۇزۇك تاۋۇش ۋە سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان.

بىز بۇ ئىككى تىل ئېلىپبە ھەرپلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، تەلەپپۇز قىلىنىش ئورگانلىرى ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئوخشاش بولغان بىر قىسىم ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ھەرپلەر بولسا ب، ت، ج، خ، د، ر، ز، س، ش، غ، ف، ق، ك، ل، م، ن، ھ لاردىن ئىبارەت. تەلەپپۇز قىلىنىش ئورگانلىرى ئوخشاش لېكىن سۈپەت جەھەتتىن قىسمەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ھەرپ بار. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى "ي" ھەرپى بولۇپ، ئۇ ئەرەب تىلى يېزىقىدا چوڭ يېزىلغاندا چېكىتسىز"ى" شەكىلدە، سۆز تەركىبى بولۇپ كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى "ي" ھەرپىنىڭ يېزىلىش شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش چېكىت بىلەن يېزىلىدۇ. يەنە بىرى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى "ۋ" ھەرپى بولۇپ، ئۇ ئەرەب تىلى يېزىقىدا ھەرقانداق ئەھۋالدا چېكىتسىز "و" ياكى "و" شەكىلدە يېزىلىدۇ.

تۆۋەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدە بولمىغان ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى سەككىز ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

ث: بۇ ھەرپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا تىل ئۇچى ۋە ئاستى-ئۈستى ئوتتۇرا چىشلارنىڭ ئىچكى ئۇچلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. تىل ئۇچىنىڭ ئاستى تەرىپى ئاستى چىشلارنىڭ ئۇچلىرىغا سەل تەككۈزۈلۈپ، نەپەسنى تىل ئۇچى بىلەن ئوتتۇرا چىشنىڭ ئىچكى ئۇچى ئارىلىقىدىن بىراقلا سىيرىلدۇرۇپ ئېغىز سىرتىغا چىقارغاندا پەيدا بولىدۇ.

ح: بۇ ھەرپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئېغىز نورمال ئېچىلىپ، تىلنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى دىماغ تەرەپكە سەل تۇرۇلۇپ ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ھاۋا كۆكرەكتىن چىقىپ بوغۇزغا سۈركىلىدۇ، سۈركىلىشتىن پەيدا بولغان ئاۋاز ئېغىز بوشلۇقىدا ياڭراپ چىقىدۇ.

ذ:بۇ ھەرپ تىل ئۇچى ئۈستۈنكى ئوتتۇرا چىشلار ئۇچىغا بوش تەككۈزۈلۈپ، نەپەس شۇ تەككۈزۈلگەن چىش ئۇچى بىلەن تىل ئۇچى ئارىلىقىدىن سۈركىلىپ چىققان ئاۋازدىن پەيدا بولىدۇ

ص: بۇ ھەرپ تىلنىڭ ئالدىنقى قىسىم ئۇچى تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى ئالدى ئوتتۇرا چىشلارنىڭ تۈۋىگە تىرىلىپ، ئاندىن نەپەس ئېغىز بوشلۇقىدا سەل قاپسىلىپ، تىل چىش تۈۋىدىن ئاجرىغاندا، چىش تۈۋى بىلەن تىل ئۇچىغا سۈركىلىپ چىققان ئاۋازدىن پەيدا بولىدۇ.

ض: بۇ ھەرپ تىلنىڭ ئالدىنقى ئۇچى تەرىپى ئۈستۈنكى ئالدى چىشلارغا تىرىلىشى ۋە تىلنىڭ بىر يېنىنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئېغىز چىشلار ئارىسىغا سەل قىسىلىشى، ئاندىن نەپەس ئېغىز بوشلۇقىدا سەل قاپسىلىپ تىل ئۇچى بىلەن چىش ئارىلىقىدىن سۈركىلىپ چىقىشى بىلەن پەيدا بولىدۇ.

ط :بۇ ھەرپ تىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئۇچى تەرەپى ئۈستۈنكى ئوتتۇرا چىشلارغا تاقىلىپ، ئاندىن ئاستىنقى ئوتتۇرا چىشلارنىڭ ئۇچى تىل ئۇچىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تاقىلىپ تىل گەۋدىسى سەل كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى كالپۇك سەل ئۇچلىنىپ، نەپەس ئېغىز ئىچىگە سەل قاپسىلىپ، تىل ئۇچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ كۆچەپ ئالدى ئۇدۇل چىشلاردىن ئاجرىشى
بىلەن پارتلاپ چىققان ئاۋازدىن پەيدا بولىدۇ.

ظ :بۇ ھەرپ تىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ
ئۇچى تەرىپى ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىشلارغا سەل
تەككۈزۈلۈپ، تىل گەۋدىسى سەل كۆتۈرۈلۈپ، نە-
پەس تىل بىلەن ئالدى ئۇدۇل چىشلار ئارىسىدىن
سۈركىلىپ چىققان ئاۋازدىن پەيدا بولىدۇ.

ع :بۇ ھەرپ تىل ئۇچى سەل ئۈستىگە كۆتۈ-
رۈلۈپ، تىل گەۋدىسى دىماغ تەرەپكە سەل تۇرۇ-
لۈپ، نەپەس يۇتقۇنچاقتا سۈركىلىپ چىققان ئاۋاز-
دىن پەيدا بولىدۇ.

دېمەك، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى بىزگە تونۇش
بولغان 20 ھەرپ ۋە يۇقىرىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى
چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگەن سەككىز ھەرپتىن تەركىب
تاپقان. بىزنىڭ بەزى ئۆلىما ۋە قارىيلىرىمىز «قۇر-
ئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا، بۇ سەككىز ھەرپتىن
”ث“. ”ص“ ھەرپلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى
”س“ ھەرپى بىلەن، ”ذ“، ”ض“، ”ظ“ ھەرپ-
لىرىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ز“ ھەرپى بىلەن، ”ح“
ھەرپىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ھ“ ھەرپى بىلەن،
”ط“ ھەرپىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ت“ ھەرپى،
”ع“ ھەرپىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ئى“ ھەرپى بى-
لەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ
سەككىز ھەرپنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالى يۇقى-
رىدا قەيت قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەش ھەرپ-
تىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

**2. ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇش بەلگىلىرى ۋە بە-
زى ئالامەتلەر توغرىسىدا:**

ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدە ئۇيغۇر تىلى ئېلىپ-
بەسىدىكىگە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەي-
دىغان مەخسۇس ھەرپ يوق. بىراق سوزۇق تا-
ۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەر بار. بۇ بەلگە-
لەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ
ئۈستىگە ياكى ئاستىغا قويۇلىدۇ. بۇ بەلگىلەر
«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇ-
ھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنىڭ ئەسلى تې-
كىستلىرىگە قويۇلىدۇ. ئادەتتە ئەرەب تىلىدىكى گې-
زىت-ژۇرناللار ۋە كىتابلاردا بۇ بەلگىلەر ئىشلىتىل-
مەيدۇ. ئەرەب تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك
قىلىدىغان ئېنىقلىق بەلگە جەمئىي ئۈچ بولۇپ،
ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى
سەككىز سوزۇق تاۋۇشتىكى ئۈچ ھەرپنىڭ تەلەپپۇز
قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

1) ”زەۋەر“ ” ـَ “ بەلگىسى:بۇ بەلگە ئەرەب-
چە ”فەتهە“ دەپ ئاتىلىدۇ. ”زەۋەر“ دېگەن بۇ
سۆز ئەسلى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ،
ئەرەب تىلىدىكى ”فەتهە“ (اَلْفَتْحَةُ) دېگەن سۆز
بىلەن ئوخشاش مەنىلىك. ”فەتهە“نىڭ لۇغەت مە-
نىسى ”ئېچىش“ دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ ئۈزۈك
تاۋۇش ھەرپى ئۈستىگە ئوڭدىن سولغا يانتۇ تارتىپ
قويۇلغان ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ئەلىف (”ا“)
نىڭ يېرىمىدۇر. بۇ بەلگە بىلدۈرىدىغان تاۋۇش
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق
تاۋۇش ھەرپى ”ئە“ نىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئوخ-
شاش. ئەرەب تىلىدىكى ھەرقانداق بىر ھەرپنىڭ
ئۈستىگە بۇ بەلگە قويۇلغان بولسا، ئۇنىڭغا ”ئە“
تاۋۇشى ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:
مەسىلەن، بَ(بە) ، شَ(شە) ،كَتَبَ(كەتەبە) .

2) ”زىر“ ” ـِ “ بەلگىسى:بۇ بەلگە ئەرەبچە
”كەسرە“ دەپ ئاتىلىدۇ. ”زىر“ دېگەن بۇ سۆزمۇ
ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بو-
لۇپ، ئەرەب تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى
”كەسرە“ (اَلْكَسْرَةُ) دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش
مەنىلىك. ”كەسرە“ نىڭ لۇغەت مەنىسى ”ئۈش-
تۈش“ دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ ئەرەب تىلى ئېلىپ-
بەسىدىكى ھەرقانداق ھەرپ ئاستىغا ئەرەب تىلى
ئېلىپبەسىدىكى ئەلىف(”ا“)نىڭ يېرىمىنىڭ ئوڭ-
دىن سولغا يانتۇ قويۇلۇشىدۇر. بۇ بەلگە بىلدۈرى-
دىغان تاۋۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبە-
سىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ”ئى“نىڭ ئوقۇلۇ-
شى بىلەن ئوخشاش. ئەرەب تىلىدىكى ھەرقانداق
بىر ھەرپنىڭ ئاستىغا بۇ بەلگە قويۇلغان بولسا، شۇ
ھەرپ ئوقۇلغاندا ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى-
دىكى سوزۇق تاۋۇش ”ئى“ ئۇلىنىپ تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ:
مەسىلەن، بِ(بى) ، تِ(تى) ، شَرِبَ(شەرىبە)

كَلِكِ(لەكى).

3) پەش "ـُـ" بەلگىسى: پەش دېگەن بۇ سۆزمۇ ئەسلى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ بەلگە ئەرەبچە "زەممە" (اَلضَّمَّةُ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى "قوشۇش" دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەرقانداق بىر ھەرپنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان "ـُـ" بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەلگە بىلدۈرىدىغان تاۋۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى "ئۇ" بىلەن ئوخشاش. ئەرەب تىلىدىكى ھەرقانداق بىر ھەرپنىڭ ئۈستىگە بۇ بەلگە قويۇلغان بولسا، شۇ ھەرپ ئوقۇلغاندا ئۇنىڭغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى "ئۇ" ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

مەسىلەن، بُ(بۇ)، شُ(شۇ)، شَرُفَ(شەرۇفە)، كُتِبَ(كۇتىبە)

تۆۋەندىكى بىرقانچە بەلگىلەر بولسا، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۈچ تاۋۇش بەلگىسىگە ياندىشىپ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ:

(1) "ساكىن" "ــْـ" بەلگىسى: "ساكىن" دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە ئەرەب تىلىدىكى "سَكَنَ" (سەكەنە) دېگەن پېئىلنىڭ سۆز يىلتىزىدىن تۇرلىنىپ چىققان "ساكىن" (سەكىنۇن) دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى "سۈكۈت قىلغۇچى" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەردىن بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولسا، ئوقۇغۇچى شۇ ھەرپ ئۈستىدە سۈكۈت قىلىدۇ. بۇ بەلگە ھەرگىز سۆز بېشىدىكى ھەرپكە قويۇلغان بولمايدۇ، بەلكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپ بەزى گىراماتىكىلىق سەۋەبلەر ياكى تەجۋىد ئەھكاملىرى بويىچە "ساكىن" بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، مَنْ(مەن)، كَنْزٌ(كەنزۇن)، سَوْفَ(سەۋفە)، لَمْ(لەم)، لَمْ يَنْزِلْ(لەم يەنزىل)، "يَنْزِلْ" دېگەن سۆزدىكى "ل" ھەرپى ئەسلىدە پەش بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولۇپ، "لَمْ"دىن ئىبارەت ھازىرقى زامان پېئىللارنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى "ساكىن" بەلگىسىگە ئۆزگەرتكۈچى ياردەمچى سۆز كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ "ل" ھەرپى "ساكىن" بەلگىسى بويىچە ئوقۇلغان.

(2) سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان "زەۋەر" "ـا، ـى": ئەگەر ئۈستىگە "زەۋەر" بەلگىسى قويۇلغان ھەرپكە تاۋۇش بەلگىسى قويۇلمىغان ئەلىفنىڭ "ـا، ـى" شەكىللىرىنىڭ بىرى ئۇلىنىپ كەلگەن بولسا، ئادەتتە ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇش "ئە"نى ئىككى ھەسسىلەپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارىدا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، كَاتِبٌ(كەەتىبۇن).

(3) سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان "زىر" "ي": ئەگەر ئاستىغا "زىر" بەلگىسى قويۇلغان ھەرپنىڭ كەينىگە "ي" ھەرپى ئۇلىنىپ كەلگەن بولسا، ئادەتتە ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇش "ئى"نى ئىككى ھەسسىلەپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارىدا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، كَرِيمٌ(كەرىىمۇن)، فِي(فىى)

(4) سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان پەش "ـو، ـو": ئەگەر ئۈستىگە پەش بەلگىسى قويۇلغان ھەرپنىڭ ئاخىرىغا "و" ھەرپىنىڭ "ـو، ـو" شەكىللىرىدىن بىرى ئۇلىنىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇش "ئۇ" نى ئىككى ھەسسىلەپ ئوقۇش مىقدارىدا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، دُونَ(دۇۇنە).

(5) قوش زەۋەر "ـً" بەلگىسى: بۇ بەلگىنى مەسچىت ياكى مەدرىسلەردە "دوزەۋەر" دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ سۆز ئەسلى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى "ئىككى زەۋەر، قوش زەۋەر" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە ئەرەبچە "اَلْفَتْحَةُ مَعَ التَّنْوِينِ" (ئەلفەتھەتۇ مە ئەتتەنۋىين) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى نۇنلاشقان زەۋەر دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا "ن" ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان "ئەن"دىن ئىبارەت بىر بوغۇم ئۇلىنىدۇ. بۇ بەلگە ئىسىم، سۈپەت ۋە سۆز يىلتىزلىرىنىڭ ئاخىرى "ت" ھەرپىنىڭ "ـە، ە" شەكىللىرى بىلەن ئاخىرلاشقان

بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىۋاسىتە قويۇلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرى "ت" ھەرپىنىڭ "ة" شەكلى ۋە باشقا ھەرپلەر بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، شۇ ھەرپلەرنىڭ ئاخىرىغا ئەلىفنىڭ تاۋۇش بەلگىسىز "ـا، ـى" شەكىللىرىدىن بىرى ئۇلانغان بولىدۇ. ھەمدە بۇ بەلگە شۇ ئەلىف ئۇلانغان ھەرپنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولىدۇ.

مەسىلەن، بَيْتًا(بەيتەن) ، سَمَكًا(سەمەكەن)، شَجَرَةً(شەجەرەتەن) ، بَرْدًا(بەردەن) .

(6) قوش زىر " ـٍ " بەلگىسى: بۇ بەلگىنى مەسچىت ياكى مەدرىسىلەردە "دوزىر" دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن. بۇ سۆز ئەسلى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى "ئىككى زىر، قوش زىر" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە ئەرەبچە "اَلْكَسْرَةُ مَعَ التَّنْوِينِ"(ئەلكەسرەتۇ مەئەتتەنۋىين) دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى "نۇنلاشقان زىر" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە ئادەتتە ئىسىم، سۈپەت ياكى سۆز يىلتىزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان بولىدۇ. بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا "ن" ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان "ىن" دىن ئىبارەت يېپىق بوغۇم ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن، اَدَبٍ(ئەدەبىن) ، مَدْرَسَةٍ(مەدرەسەتىن) .

(7) قوش پەش " ـٌ " بەلگىسى: بۇ بەلگىنى مەسچىت ياكى مەدرىسىلەردە "دوپەش" دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن. بۇ سۆز ئەسلى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى "ئىككى پەش، قوش پەش" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە ئەرەبچە "اَلضَّمَّةُ مَعَ التَّنْوِينِ"(ئەززەممەتۇ مەئەتتەنۋىين) دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى "نۇنلاشقان پەش" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بەلگە ئادەتتە ئىسىم، سۈپەت ياكى سۆز يىلتىزلىرىنىڭ ئاخىردىكى ھەرپ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپ ئوقۇلغاندا ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا "ن" بىلەن ئاخىرلاشقان "ئۇن"دىن ئىبارەت يېپىق بوغۇم ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن، وَلَدٌ(ۋەلەدۇن) ، قَلَمٌ(قەلەمۇن) .

(8) تەشتۇت " ـّ " بەلگىسى: بۇ سۆز ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى "شَدَّدَ"(شەددەدە) دېگەن پېئىلنىڭ سۆز يىلتىزى "تَشْدِيدٌ" دېگەن سۆز بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزغا "تەشتۇت" دەپ ئۆزلەشكەن. ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى "كۈچلەندۈرۈش" دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ بەلگە ھەرقانداق ھەرپ ئۈستىگە قويۇلغان بولسا، شۇ ھەرپ ئىككى قېتىم ئوقۇلىدۇ. ئالدىدىكىسى ساكىن بەلگىسى بويىچە، كېيىنكىسى بولسا شۇ ھەرپ ئاستىغا ياكى بۇ بەلگە ئۈستىگە قويۇلغان تاۋۇش بەلگىسى بويىچە ئوقۇلىدۇ، ئالدىدىكىسى ئىنتوناتسىيە جەھەتتە قاتتىق ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، دَرَّسَ(دەررەسە) ، يُكَرِّمُ(يۇكەررىمۇ) ، يَدُلُّ(يەدۇللۇ)

(9) ھەمزە " ـَٔ ، ءَ، ـٕ " بەلگىسى: بۇ بەلگە ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدە مۇستەقىل ئورۇننى ئىگىلەلمەيدۇ، بىراق ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار بىلەن ئۇچرايدۇ:

① ئەلىف("ا")نىڭ ئۈستىدە ياكى ئاستىدا كېلىدۇ. ئۇ بەزىدە ئەلىفنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەلىفنىڭ ئۈستىدە كەلسە زەۋەر بەلگىسى، پەش بەلگىسى ياكى ساكىن بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئەلىفنىڭ ئاستىدا كەلسە زىر بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئەلىفنىڭ ئورنىدا كەلگەندە ئۈچ بەلگىنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، بَدَأَ(بەدەئە) ، إِنَّ(ئىننە) ، يَبْدَأُ(يەبدەئۇ) ، رَأْسٌ(رەئسۇن) ، شَاءَ(شائە) ، أُولَائِكَ(ئۇۇلائىكە) ، يَشَاءُ(يەشائۇ) ، جُزْءٌ(جۇزئۇن) .

② ئەگەر " و " ھەرپىنىڭ ئۈستىگە بۇ بەلگە قويۇلغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ بەلگە زەۋەر، پەش ياكى ساكىن بەلگىلىرىدىن بىرى بۇ بەلگە ئۈستىگە قويۇلغان بولىدۇ.

مەسىلەن، يُؤَجِّلُ(يۇئەججىلۇ) ، يَؤُولُ(يەئۇۇلۇ) ، مُؤْمِنٌ(مۇئمىنۇن) .

③ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن "ي"نىڭ ئۈستىدە كەلسە، شۇ سۆزنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ئۈچ خىل بەلگىنىڭ بىرىدە ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، شَيْئًا(شەيئەن) ، شَيْءٍ(شەيئىن) ،

شَيْءٌ(شەيئۇن)، ياكى اَلشَّيْءَ(ئەششەيئە)، اَلشَّيْءِ(ئەششەيئى)، اَلشَّيْءُ(ئەششەيئۇ).

④ بەزىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇش "ئى"نىڭ سۆز ئوتتۇرىسىدا، ئالدىدا كەلگەن ھەرپكە ئۇلانماي، كېيىندە كەلگەن ھەرپكە ئۇلىنىپ كېلىدىغان "ىـ" شەكلىگە ئوخشاش ئەلىفنىڭ مۇشۇ شەكلىنىڭ ئۈستىگە بۇ بەلگە قويۇلغان بولسا شۇ بەلگىنىڭ ئۈستىگە ئۆز نۆۋىتىدە زەۋەر، پەش ۋە ساكىن ياكى ئاستىغا زىر بەلگىسى قويۇلغان بولىدۇ.

مەسىلەن، مِئَةٌ(مىئەتۇن)، جَرَائِمُ(جەرائىمۇ)، مَسْئُولٌ(مەسئۇلۇن)، بِئْسَ(بىسۇن).

دېمەك، يۇقىرىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا ئۇچرايدىغان تىل جەھەتتىكى مۇھىم تاۋۇش بەلگىلىرى ۋە ئالامەتلەر چۈشەندۈرۈلدى. «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر كىشى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن بەلگە ۋە ئالامەتلەرنى بېرىلگەن مىساللار بويىچە ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلىسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشتا مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدىغان «قۇرئان كەرىم» تەجۋىد ئەھكاملىرىنى پۇختا ئىگىلەشكە ئاساس سالغان بولىدۇ.

## II «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇغاندا ئەمەل قىلىنىدىغان بەزى تەجۋىد ئەھكاملىرى توغرىسىدا

### 1. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى باشلاش توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇماقچى بولغان ھەر-بىر مۇسۇلمان ئۇنى ئوقۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن، خاتا ئوقۇپ قويۇشتىن چوقۇم ساقلىنىشنى تىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 16-سۈرە «نەھل»نىڭ 98-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ(ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن.**" شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن "ئەئۇزۇبىللا" (مەن ئاللاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)نى ئوقۇشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ ئۇنى ئوقۇشنى باشلاشتا تۆۋەندىكى تۆت خىل ئەھۋالنىڭ بىرىگە ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ:

1) ئالدى بىلەن "ئەئۇزۇ"نى ئوقۇپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن "بىسمىللا"نى ئوقۇپ يەنە بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن خالىغان بىر سۈرىنى ئوقۇش؛

2) ئالدى بىلەن "ئەئۇزۇ"نى ئوقۇپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن "بىسمىللا" بىلەن يەنە بىر سۈرىنى ئۇلاپ ئوقۇش؛

3) ئالدى بىلەن "ئەئۇزۇ"نى ئوقۇپ ئۇنىڭغا "بىسمىللا"نى ئۇلاپ ئوقۇپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن خالىغان بىر سۈرىنى ئۇلاپ ئوقۇش؛

4) ئالدى بىلەن «ئەئۇزۇ»نى، ئاندىن «بىسمىللا» ۋە خالىغان بىر سۈرىنى بىراقلا ئۇلاپ ئوقۇش.

### 2. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا "بىسمىللا"نى ئوقۇش توغرىسىدا

قارى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋېتىپ، بىر سۈرىنى تاماملاپ يەنە يېڭى بىر سۈرىنى ئۇلاپلا ئوقۇماقچى بولغاندا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك:

1) بىر سۈرىنى ئوقۇشنى تاماملاپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن "بىسمىللا"نى ئوقۇپ يەنە بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن يېڭى سۈرە ئوقۇش؛

2) بىر سۈرە ئوقۇشنى تاماملاپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن "بىسمىللا" بىلەن يېڭى سۈرىنى ئۇلاپ ئوقۇش؛

3) بىر سۈرىنى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۇ سۈرىگە ئۇلاپلا "بىسمىللا"نى ئوقۇپ ئاندىن يەنە يېڭى سۈرىنى ئۇلاپ ئوقۇش؛

4) بىر سۈرىنى ئوقۇشنى تاماملاپلا ئۇنىڭ ئاخىرىغا "بىسمىللا"نى ئۇلاپ ئوقۇپ، ئاندىن توختاپ قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەگەر بىر سۈرىنىڭ ئاخىرىغا "بىسمىللا"نى ئۇلاپ ئوقۇپ توختاپ قالسا «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاۋاتقانلارغا "بىسمىللا" شۇ سۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى دېگەن ئۇقۇمنى بېرىپ قويىدۇ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**3. ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ۋە قوش پەشلەرنىڭ ئوقۇلۇش پرىنسىپلىرى توغرىسىدا**

ساكىنلىق "ن" دېگىنىمىز ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرى ئارىسىدىكى ساكىن "ـْـ" بەلگىسى قويۇلۇپ كەلگەن "ن" ھەرپىدۇر. ئۇ سۆز ئوتتۇرىسىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا بولسۇن، ھەممىسى ساكىنلىق "ن" دەپ ئاتىلىدۇ(قوش زەۋەر، قوش زىر ۋە قوش پەشلەر توغرىسىدا يۇقىرىدا چۈشەنچە بېرىلدى). «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان كىشى «قۇرئان كەرىم»دىكى ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ۋە بۇ پرىنسىپلارنى كۆڭۈل قويۇپ توغرا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى خاتا ئوقۇلۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش قائىدىسىگە خىلاپ ئەھۋال يۈز بېرىدۇ:

**1) ئاشكارا (ئەل-ئىزھار) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ئاشكارا ئوقۇش پرىنسىپى دېگىنىمىز ئاشكارا ئوقۇلىدىغان ھەربىر ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز چىقىرىش ئورگىنىدىن دىماغ ئاۋازىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىتىماي ئوقۇپ چىقىرىشتىن ئىبارەت. ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەمزە "ء"، "ھ"، "ع"، "ح"، "غ"، "خ" لاردىن ئىبارەت ئالتە ھەرپنىڭ بىرى ساكىنلىق "ن" ياكى قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن سۆز ياكى ھەرپنىڭ كەينىدە كەلسە، شۇ ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىرھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە يېپىق بوغۇم "ەن، ىن، ۇن" لاردىكى "ن" ھەرپى ئاشكارا، ئېنىق ئوقۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئالتە ھەرپكە تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم مىسال كەلتۈرۈلدى:

(1) ھەمزە "ء": مَنْ أَحْسَنَ. مِنْ أَمْوَالٍ. رَسُولٌ أَمِينٌ. وَجَنَّاتٍ أَلْفَافًا.

(2) "ھ": إِنْ هُوَ. يَنْهَوْنَ. قَوْمٍ هَادٍ.

(3) "ع": مِنْ عِلْمٍ. يَنْعِقُ. سَمِيعًا عَلِيمًا. وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ. (68-سۈرە «قەلەم»، 4-ئايەت)

(4) "ح": مِنْ حَسَنَةٍ. يَنْحِتُونَ. عَلِيمٌ حَكِيمٌ.

(5) "غ": مِنْ غِلٍّ. فَسَيُنْغِضُونَ. إِنَّ اللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٌ. (22-سۈرە «ھەج»، 60-ئايەت)

(6) "خ": مِنْ خَيْرٍ. وَالْمُنْخَنِقَةُ. إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ (31-سۈرە «لوقمان»، 34-ئايەت).

**2) بىرىكتۈرۈپ (ئەل-ئىدغام) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز ياكى ھەرپنىڭ كەينىگە تاۋۇش بەلگىلىك ھەرپ بىلەن باشلانغان يەنە بىر سۆز كېلىپ ئۇلىنىپ ئوقۇلغاندا، ساكىنلىق "ن" ھەرپى ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ ئاخىرىغا، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا ئۇلىنىپ كېلىدىغان يېپىق بوغۇم "ەن، ىن، ۇن" لاردىكى "ن" ھەرپى كەينىدە كەلگەن سۆزنىڭ باش ھەرپى بىلەن بىرىكتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەينىدىكى سۆزنىڭ باش ھەرپى، ئۈستىدە تەشدىت بەلگىسى بار ھەرپ ئوقۇلغاندەك غائىب تەشدىت بىلەن ئوقۇلىدۇ ھەمدە بۇ ھەرپ ئوقۇلغاندا تىل سەل ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ بىرىكتۈرۈپ ئوقۇش پرىنسىپىدۇر. پەقەت ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سۆزنى ئۇلاپ ئوقۇغاندا بىرىكتۈرۈپ ئوقۇش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئالدىدا كەلگىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپى ساكىنلىق "ن" ياكى قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن بولۇشى شەرت.

ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىدە كېلىپ بىرىكتۈرۈلىدىغان ھەرپلەر جەمئىي ئالتە بولۇپ، ئۇلار "ر، ل، م، ن، و، ي" لاردىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر تەلەپپۇز قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، دىماغ ئاۋازلىق ھەرپلەر:

ئۇلار نۇقسان ھەرپلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئوقۇلغاندا دىماغ ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇلار" م، و، ي " لاردىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك مىسال كەلتۈرۈلدى:

(1) " م " : مِنْ مَلْجَاءٍ. زَرْعًا مُخْتَلِفًا. كِتَابٍ مُنِيرٍ. صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ.

(2) " و " : مِنْ وَرَائِهِمْ. ظَاهِرَةً وَ بَاطِنَةً. سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ.

(3) "ي" : إِنْ يَقُولُونَ. لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ. يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمْ.

ئىككىنچى، دىماغ ئاۋازسىز ھەرپلەر:

ئۇلار مۇكەممەل ھەرپلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار" ر، ل، ن " لاردىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك مىسال كەلتۈرۈلدى.

(1) " ر ": مِنْ رَبِّهِمْ. غَفُورٌ رَحِيمٌ.

(2) " ل ": يُبَيِّنْ لَنَا. قَوْمًا لُدًّا. وَلَكِنْ لاَ يَشْعُرُونَ.

(3) " ن ": إِنْ نَقُولُ. حِطَّةٌ نَغْفِرْ.

**3) ئۆزگەرتىپ (ئەل-ئىنقلاب) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىدە " ب " ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆز كەلسە ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا يېپىق بوغۇم " ەن، ىن، ۇن " لاردىكى "ن" ھەرپى ئوقۇلغاندا ساكىنلىق "م" ھەرپىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. ھەمدە شۇ "م" ھەرپى دىماغ ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۆزگەرتىپ ئوقۇش ئەھۋالى ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا يەنى بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ۋە ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدىكى "ب" ھەرپى ئوتتۇرىسىدا ۋە بىر سۆزدىكى ساكىنلىق " ن " ھەرپى بىلەن شۇ ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن " ب " ھەرپى ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن، مِنْ بَعْدِ. سَمِيعٌ بَصِيرٌ. يُنْبِتُ لَكُمْ.

**4) يوشۇرۇپ (ئەل-ئىخفائۇ) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ساكىنلىق " ن " ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ ئوقۇش پرىنسىپىنىڭ ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆز كەلسە شۇ ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا يېپىق بوغۇم "ەن، ىن، ۇن"لاردىكى "ن" ھەرپى ئاشكارا ۋە بىرىكتۈرۈپ ئوقۇشتەك ئايرىلاشما ئوقۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ ھەمدە ساكىنلىق " ن " ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە يېپىق بوغۇم" ەن، ىن، ۇن " لاردىكى "ن" ھەرپى تەشتۇتسىز ھالدا دىماغ ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئوقۇش ئىككى سۆز ياكى تاق سۆز ئىچىدىكى ساكىنلىق "ن" بىلەن شۇ ساكىنلىق "ن" ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ھەرپ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندىكى ئون بەش ھەرپنىڭ بىرى ساكىنلىق " ن " ھەرپنىڭ ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا يېپىق بوغۇم"ەن، ىن، ۇن " لاردىكى "ن" ھەرپنىڭ كەينىگە كەلسە، شۇ ساكىنلىق "ن" ۋە قوش زەۋەر، قوش زىر ھەمدە قوش پەش بەلگىلىرىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بويىچە ئېيتقاندا يېپىق بوغۇم " ەن، ىن، ۇن" لاردىكى "ن" ھەرپى يوشۇرۇن ئوقۇلىدۇ. ئۇ ئون بەش ھەرپ تۆۋەندە مىساللار بىلەن كۆرسىتىلدى:

(1) " ت " : مُنْتَهُونَ. إِنْ تَتُوبَا. زَرْعًا تَأْكُلُ.

(2) " ث " : أَنْ ثَبَّتْنَاكَ. أَزْوَاجًا ثَلاَثَةً.

(3) " ج " : فَأَنْجَيْنَاهُ. مَنْ جَاءَ. قَوْمًا جَبَّارِينَ.

(4) " د " : وَعِنْدَهُ. وَمَنْ دَخَلَهُ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مُسْتَقِيمٍ دِينًا.

(5) " ذ " : لِيُنْذِرَ. مِنْ ذَكَرٍ. سِرَاعًا ذَلِكَ.

(6) " ز " : أَنْزَلَ. مِنْ زَوَالٍ. وَطَرًا زَوَّجْنَكَهَا.

(7) " س ": مَا نَنْسَخْ. مِنْ سَيِّئَاتِكُمْ. وَرَجُلاً سَلَمًا.

(8) " ش " : مَنْشُورًا. فَمَنْ شَاءَ. إِنَّ اللّٰهَ عَلَي كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ. (22-سۈرە «ھەج»، 17-ئايەت).

(9) " ص " : وَلاَ هُمْ يُنْصَرُونَ. أَنْ صَدُّوكُمْ. رِيحًا صَرْصَرًا.

(10) " ض " : مَنْضُودٍ. مِنْ ضُرٍّ. وَكُلاًّ ضَرَبْنَا.

(11) " ط ": اِنْطَلِقُوا. فَإِنْ طَلَّقَهَا. صَعِيدًا طَيِّبًا.

(12) " ظ ": فَانْظُرْ. إِنْ ظَنًّا. ظَلاًّ ظَلِيلاً.

(13) " ف ": يُنْفِقُونَ. إِنَّ فِي صُدُورِهِمْ. عَلَي سَفَرٍ فَعِدَّةٌ.

(14) " ق ": يُنْقِذُونَ. وَإِنْ قِيلَ. إِنَّ اللّٰهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ. (16-سۈرە «نەھل»، 70-ئايەت)

(15) " ك ": أَنْكَالاً. مِنْ كُلٍّ. وَرِزْقٌ كَرِيمٌ.

**4. ساكىنلىق "م" ھەرپىنى ئوقۇش پرىنسىپى توغرىسىدا:**

ساكىنلىق " م " ھەرپى تۆۋەندىكى ئۈچ پرىنسىپ بويىچە ئوقۇلىدۇ:

**1) بىرىكتۈرۈپ (ئەل-ئىدغام) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ئەگەر ئۈچ خىل تاۋۇش بەلگىسىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن " م " ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆز، ساكىنلىق "م" ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزنىڭ كەينىدە كەلسە، شۇ ساكىنلىق "م" ھەرپى كەينىدىكى تاۋۇش بەلگىسى بىلەن كەلگەن "م" ھەرپى بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئوقۇلىدۇ. كەينىدىكى تاۋۇش بەلگىلىك "م" ھەرپ ئۈستىدە غۇننە تەشدىت پەيدا بولۇپ، شۇ غۇننە تەشدىت بويىچە ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، كَمْ مِنْ فِئَةٍ. وَلَكُمْ مَا كَسَبْتُمْ. لَهُمْ مَثَلاً. الٓمٓ.

**2) يوشۇرۇپ (ئەل-ئىخفائۇ) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ئەگەر ئۈچ خىل تاۋۇش بەلگىسىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن " ب "، ساكىنلىق " م " ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزنىڭ كەينىدە كەلسە، ساكىنلىق "م" ھەرپى دىماغ ئاۋازى بىلەن يوشۇرۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ. أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ. فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللّٰهُ (5-سۈرە «مائىدە»، 48-ئايەت).

**3) ئاشكارا (ئەل-ئىزھار) ئوقۇش پرىنسىپى:**

ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى "م" ۋە "ب" ھەرپلىرىدىن باشقا، ئۈچ خىل تاۋۇش بەلگىسىنىڭ بىرى بىلەن كەلگەن ھەرپ، ئەگەر ساكىنلىق "م" ھەرپىنىڭ كەينىدە كەلسە، شۇ ساكىنلىق "م" ھەرپى ئاشكارا ئوقۇلىدۇ. بولۇپمۇ "ف" ۋە" و " ھەرپلىرى ساكىنلىق " م " ھەرپىنىڭ كەينىدە كەلسە، شۇ ساكىنلىق " م " ھەرپى ئالاھىدە ئاشكارا ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ. أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ. وَيُمْسِكُ السَّمَاءَ. قُمْتُمْ اِلَي الصَّلاَةِ. الٓر. الٓمٓصٓ. أَمْ زَاغَتْ. أَلَمْ يَرَوْا. اَللّٰهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ. (2-سۈرە «بەقەرە»، 15-ئايەت).

**5. تەشدىت بەلگىسى بىلەن كەلگەن "م" ۋە "ن" ھەرپلىرىنى ئوقۇش توغرىسىدا:**

ئەگەر بۇ ئىككى ھەرپ تەشدىت بەلگىسى قويۇلغان ھالدا كەلگەن بولسا، چوقۇم دىماغ ئاۋازى بىلەن ئاشكارا ئوقۇلۇشى كېرەك.

مەسىلەن، ثُمَّ . وَلَمَّا. مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ.

**6. ئىسىملارنىڭ ئالدى ئېنىقلىغۇچى قوشۇمچىسى "ال"نى ئوقۇش پرىنسىپى توغرىسىدا:**

ئەرەب تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا "اَلْ" قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ ئىسىم ئېنىقسىز دەرىجىسىدىن ئېنىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئېنىقلىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن ئىسىملارنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تەجۋىد ئۆلىمالىرى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگەن. بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ بىرى "قمر" سۆزىنىڭ بېشىدىكى

"ق" ھەرپىنى ئاساس قىلىپ "قەمەرىيە ھەرپلىرى" دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى "شمس" سۆزىنىڭ بېشىدىكى "ش" ھەرپىنى ئاساس قىلىپ "شەمسىيە ھەرپلىرى" دەپ ئاتالغان. " اَلْ " قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسمىنىڭ بېشىدىكى ھەرپنىڭ ئوقۇلغان ۋاقىتتىكى ئالاھىدىلىكى "ق" ھەرپى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ ھەر "قەمەرىيە ھەرپى"گە تەۋە بولۇپ، ئۇمۇ "قەمەرىيە ھەرپى" دەپ ئاتالغان. "اَلْ" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسمىنىڭ بېشىدىكى ھەرپنىڭ ئوقۇلغان ۋاقىتتىكى ئالاھىدىلىكى "ش" ھەرپى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ ھەرپ "شەمسىيە ھەرپى"گە تەۋە بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا "شەمسىيە ھەرپى" دەپ ئاتالغان.

**1) "قەمەرىيە ھەرپلىرى"نىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:**

ئەگەر "قەمەرىيە ھەرپلىرى"دىن بىرى بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىغا "ال" ئالدى قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ قوشۇمچىدىكى "ل" ھەرپى ساكىن بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر "اَلْ" ئالدى قوشۇمچىسى قوشۇلغان سۆزنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق سۆز بولمىسا، بۇ ئالدى قوشۇمچە " ئەل " دەپ تولۇق ئوقۇلىدۇ. ئەگەر " اَلْ " قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۆزنىڭ ئالدىدا باشقا سۆز بولسا، بۇ قوشۇمچىدىكى " ا " ھەرپى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. " ل " ھەرپى يەنىلا ساكىن بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، اَلْاَنْعَامُ. مِنَ الْمَسْجِدِ.

«قەمەرىيە ھەرپى» جەمئىي 14 بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:ا، ب، ج، ح، خ، ع، غ، ف، ك، ق، م، ھ، و، ع.

**2) "شەمسىيە ھەرپلىرى"نىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:**

ئەگەر "شەمسىيە ھەرپلىرى"دىن بىرى بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىغا "اَلْ" ئالدى قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلسە ۋە شۇ سۆزنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق سۆز بولمىسا، بۇ قوشۇمچىدىكى "ٯ" زەۋەر بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ، " ل " ھەرپى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن "شەمسىيە ھەرپى"نىڭ ئۈستىدە بىر تەشدىت بەلگىسى پەيدا بولىدۇ. ئالدى قوشۇمچىدىكى زەۋەر بەلگىلىك " ا " ھەرپى بىۋاسىتە شۇ "شەمسىيە ھەرپى"گە ئۇلىنىپ ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئالدى قوشۇمچە " اَلْ " قوشۇلغان "شەمسىيە ھەرپى" بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا باشقا سۆز بولسا، ئالدى قوشۇمچە " اَلْ " تەلەپپۇزدا بىراقلا چۈشۈپ قالىدۇ ھەمدە ئالدىدا كەلگەن سۆزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ تاۋۇش بەلگىسى كەينىدىكى سۆزنىڭ بېشىدىكى "شەمسىيە ھەرپى"گە ئۇلىنىپ ئوقۇلىدۇ، "شەمسىيە ھەرپى" ئوخشاشلا تەشتۇت بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، اَلنُّورُ. وَاِلَيْهِ النُّشُورُ.

"شەمسىيە ھەرپلىرى" جەمئىي 14 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:ت، ث، د، ذ، ر، ز، س، ش، ص، ض، ط، ظ، ل، ن.

**7-ساكىنلىق " ل " ھەرپىنى ئوقۇش پرىنسىپلىرى توغرىسىدا:**

«قۇرئان كەرىم»دىكى ساكىن بەلگىسى بىلەن كەلگەن " ل " ھەرپى تۆۋەندىكى ئىككى پرىنسىپ بويىچە ئوقۇلىدۇ:

**1) ئاشكارا (ئەل-ئىزھار) ئوقۇش پرىنسىپى:**

بارلىق "قەمەرىيە ھەرپلىرى"نىڭ ئالدىغا ئالدى قوشۇمچە " اَلْ " قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ قوشۇمچىدىكى ساكىن بىلەن كەلگەن " ل " ھەرپىنى ئاشكارا ئوقۇش كېرەك. ئەگەر ساكىن بەلگىسى بىلەن كەلگەن " ل " ھەرپى بىر سۆزنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە "شەمسىيە ھەرپلىرى" كەلگەن تەغدىردىمۇ شۇ ساكىنلىق " ل " ھەرپىنى ئاشكارا ئوقۇش كېرەك.

مەسىلەن، وَاَنْزَلْنَا. يَلْتَقِطْهُ. قُلْ تَعَالَوْا. فَلْتَقُمْ. وَلْتَاْتِ طَائِفَةٌ. فَلْيَنْظُرِ الْاِنْسَانُ. اَلْسِنَتِكُمْ وَاَلْوَانِكُمْ. بَلْ جَاءَ بِالْحَقِّ. اَلْقَمَرُ.

**2) بىرىكتۈرۈپ(ئەل-ئىدغام) ئوقۇش پرىنسىپى:**

بارلىق "شەمسىيە ھەرپلىرى" ئەگەر ئالدى قوشۇمچە "ال"نىڭ كەينىدە كەلگەن بولسا، شۇ ئالدى قوشۇمچىدىكى ساكىنلىق " ل " ھەرپى شۇ "شەمسىيە ھەرپى"گە بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، وَالشَّمْسِ وَضُحٰهَا. وَالنَّهَارِ اِذَا جَلّٰهَا. (91-سۈرە«شەمس»، 1-ۋە 3- ئايەتلەر).

ئەگەر "ل" ھەرپى ياكى " ر " ھەرپى

بىلەن باشلانغان سۆز ساكىنلىق " ل " ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزنىڭ كەينىدە كەلسە، شۇ ساكىنلىق " ق " ھەرپى كەينىدىكى " ل " ھەرپى ياكى " ر " ھەرپكە بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، قُلْ لَكُمْ. قُلْ رَبِّي.

بىراق، "مۇتەففىفىن" سۈرىسىدىكى 14-ئايەتتە كەلگەن "بَلْ رَانَ"دىكى ساكىنلىق " ل " ھەرپىنىڭ كەينىدە " ر " ھەرپى كەلگەن بولسىمۇ، ساكىنلىق " ل " ھەرپى ئۈستىدە توختاش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ بىر توختاش ساكىنلىق "ل" ھەرپىنىڭ "ر" ھەرپكە بىرىكتۈرۈلۈشىنى توسۇپ قالىدۇ.

ئەگەر "بَلْ" ۋە "هَلْ"دىن ئىبارەت ساكىنلىق "ل" ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى سۆزنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكى سەككىز ھەرپنىڭ بىرى بىلەن باشلانغان سۆزلەر كەلسە، شۇ ساكىنلىق "ل" ھەرپىنىڭ شۇ ھەرپلەرگە بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇشى جائىزدۇر. ئۇ سەككىز ھەرپ "ت، ث، ز، س، ش، ط ، ظ ، ن "لاردىن ئىبارەت.

مەسىلەن، هَلْ تَعْلَمُ. هَلْ نُنَبِّئُكُمْ. بَلْ نَأْتِيهِمْ. بَلْ نَحْنُ.

**8. بەزى ھەرپلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇش پرىنسىپلىرى توغرىسىدا:**

ئىككى ھەرپنىڭ بىرى سۆزنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىرى سۆزنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا قاتارلىشىپ كەلسە، ئالدىدا كەلگەن ھەرپ كەينىدە كەلگەن ھەرپ بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ، بۇ خىل ئوقۇش ھەرپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ:

1) ئوخشاش جىنس ۋە ئوخشاش سۈپەتتىكى ھەرپلەر:

بۇنداق ھەرپلەر ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا ئارقىمۇئارقا قاتارلىشىپ كەلگەن بولسا، بۇ ئىككى ھەرپنى بىرىكتۈرۈپ ئوقۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

مەسىلەن، اِضْرِبْ بِعَصَاكَ. بَلْ لَا يَخَافُونَ. وَإِذْ ذَهَبَ.

2) تەلەپپۇز قىلىنىش ئورگانلىرى ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن بولغان ھەرپلەر:

مەسىلەن، لَمْ يَلْهَثْ ذَلِكَ. اِرْ[illegible] مَعَنَا. [illegible] نَخْلُقْكُمْ.

3) ئىككى جىنستىن بولغان ھەرپلەر:

ئاۋاز چىقىرىش ئورگانلىرى ئورتاق بولغان، بىراق ئاۋاز قۇرۇلمىسى ئوخشىمايدىغان، ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى ھەرپنىڭ ئالدىدا كەلگىنى كەينىدە كەلگىنىگە بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ. شۇ خىلدىكى ئىككى ھەرپ بىر سۆزدە قاتارلىشىپ كەلسىمۇ ئوخشاشلا بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، قَالَتْ طَائِفَةٌ. لَئِنْ بَسَطْتَ.

بۇ ئىككى مىسالدا " ت " ھەرپى بىلەن"ط" ھەرپى بىر سۆزدە ۋە ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا قاتارلىشىپ كەلگەن. بۇ ئىككى ھەرپنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ئورگانلىرى ئورتاق، بىراق ئۇلارنىڭ ئاۋاز قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار بولسىمۇ بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ.

**9. سوزۇپ (ئەل-مەددۇ) ئوقۇش پرىنسىپلىرى توغرىسىدا:**

سوزۇپ ئوقۇش دېگىنىمىز: سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلىش ئورگانلىرىدىن چىقارغان ۋاقىتتا ئاۋازنى سوزۇپ ياڭرىتىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت. ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

**1) ھەرپنىڭ ئەسلىنى سوزۇپ ئوقۇش:**

يەنى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپنى تەبىئىي سوزۇپ ئوقۇشتىن ئىبارەت. ئەرەب تىلىدا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

① زەۋەر بەلگىسى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ئەلىفنىڭ تاۋۇش بەلگىسىز"ـا، ـ٩" شەكىللىرى. مەسىلەن، قَالَ. دَامَ. رَامَ.

② پەش بەلگىسى بىلەن ھەرپنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلگەن " و " ھەرپىنىڭ " و، و " شەكىللىرى. مەسىلەن، يَقُولُ. يَدُورُ.

③ زىر بەلگىسى بىلەن كەلگەن ھەرپنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلگەن "ي" ھەرپىنىڭ " يـ " شەكلى. مەسىلەن، قِيلَ.

بۇ ئۈچ ھەرپنىڭ سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش مىقدا-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رى ئوخشاش ئىككى تاۋۇش بەلگىسىنى ئۇلاپ ئۇقۇش مىقدارى بىلەن تەڭ بولىدۇ.

**2) سوزۇلۇش ھەرپلىرىنى ئەسلىدىكى سوزۇلۇش مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ سوزۇپ ئوقۇش:**

سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپنىڭ كەينىدىكى ھەمزە " ءَ " ياكى ساكىن بەلگىسى سەۋەبىدىن، شۇ سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپنى يەنىمۇ سوزۇپ ئەسلىدىكى سوزۇلۇش مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ سوزۇپ ئۇقۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل سوزۇپ ئۇقۇش تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئۇلىنىپ كېلىپ، سوزۇش ۋاجىپ بولغان سوزۇش :

سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپ بىلەن ھەمزە "ءَ" بىر سۆزدە قاتارلىشىپ كەلگەن ئەھۋالدا سوزۇلىدىغان ھەرپنى سوزۇپ ئۇقۇش ۋاجىب بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوزۇلىدىغان ھەرپنىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى بەش ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇش مىقدارى بىلەن باراۋەردۇر.

مەسىلەن، جَاءَ. شَاءَ. وَسِيْءَ.

(2) ئايرىلىپ كېلىپ سوزۇش جائىز بولغان سوزۇش:

بۇ خىل سوزۇپ ئۇقۇش بىر سۆزنىڭ ئاخىرىدا سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپ، شۇ سۆزنىڭ كەينىدە كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆزنىڭ بېشىدا ھەمزە"ءَ" كەلگەن ئەھۋالدا شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپنىڭ سوزۇلۇش مىقدارى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، قارىي «قۇرئان كەرىم»نى تېز سۈرئەتتە ئۇقۇسا، سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپنى ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى ئىككى ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇش مىقدارىدا سوزۇپ ئۇقۇيدۇ.

ئىككىنچى، ئەگەر نۇرغۇن قارىيلار ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆزئارا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇقۇشسا، سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى تۆت ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇش مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، قارىي «قۇرئان كەرىم»نى ئاھاڭغا سېلىپ تىلاۋەت قىلسا، سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى بەش ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇش مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

مەسىلەن، عَمَّا ارْضَعَتْ. وَالَّتِي أَحْصَنَتْ.

(3) سوزۇلۇش ھەرپنى ساكىن بەلگىسىگە تاقاپ سوزۇش:

بىر سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپنىڭ ئالدىدا "ا"، "ي" ۋە "و" قاتارلىق سوزۇلۇش ھەرپلىرىدىن بىرى كەلگەن بولسا، شۇ ئاخىرقى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسى چۈشۈپ قالىدۇ. ھەمدە ئۇ ھەرپ ساكىن بەلگىسى بويىچە ئۇقۇلىدۇ. ئۇ ھەرپنىڭ ئالدىدىكى سوزۇلۇش ھەرپنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مىقداردا سوزۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇزۇن سوزۇش: يەنى سوزۇلۇش ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى ئالتە ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇشتىن ئىبارەت، بۇنداق ئۇقۇش ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

ئىككىنچى، ئوتتۇراھال سوزۇش: يەنى سوزۇلۇش ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى تۆت ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، قىسقا سوزۇش: يەنى سوزۇلۇش ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى ئىككى ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇشتىن ئىبارەت.

ئەگەر «قۇرئان كەرىم»نى ئۇقۇغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپىدە توختىماي ئۆتۈپ كەتسە، شۇ ھەرپنىڭ تاۋۇشى ئۇقۇلىدۇ ھەمدە سوزۇلۇپ ئۇقۇلىدىغان ھەرپ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى ئىككى ھەسسىلەپ ئۇلاپ سوزۇپ ئۇقۇش مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

مەسىلەن، اَلرَّحْمٰنُ. الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ.

(4) تولدۇرۇپ سوزۇش:

ئاخىرقى ھەرپى قوش زەۋەر بەلگىسى بىلەن

كىلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئەلىف ھەرپىنىڭ "ا، ـا" شەكىللىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىككى سۆز ئارقىمۇ-ئارقا كەلسە ياكى بىر سۆز كەلسە، ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ كەينىدە كەلگەن سۆزنىڭ ياكى ئايرىم كەلگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپىنىڭ قوش زەۋەر بەلگىسى تاق زەۋەر بەلگىسى بويىچە ئوقۇلىدۇ ۋە كەينىگە ئۇلىنىپ كەلگەن ئەلىف ھەر-پى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى ئىككى ھەسسىلەپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

مەسىلەن، يَٰلَيۡتَنِي ٱتَّخَذۡتُ مَعَ ٱلرَّسُولِ سَبِيلٗا (25-سۈرە«فۇرقان»، 27-ئايەت). عَلِيمًا حَكِيمًا.

(5) بىر سۆزدە ئىبغىر سوزۇش:

بىر سۆز ئىچىدە سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپ كېلىپ، شۇ ھەرپىنىڭ كەينىدىكى ھەرپ تەشتۇت بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپىنى ئىبغىر سو-زۇپ ئوقۇش كېرەك. سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپى-نىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ئۈچ ئەلىفنى قاتارلاپ ھەربىرىنى ئىككى تاۋۇش بەلگىسىنى ئۇلاپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

مەسىلەن، وَٱلطَّآمَّةِ. وَلَا ٱلضَّآلِّينَ. وَٱلصَّآخَّةِ.

(6) بىر سۆزدە يېنىك سوزۇش:

بىر سۆز تەركىبىدە سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپى كېلىپ ئۇنىڭ كەينىدە ساكىنلىق ھەرپ كەلگەن بولسا، سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپى يېنىك سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپىنىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ئۈچ ئەلىفنى قاتارلاپ ھەربىرى-نى ئىككى تاۋۇش بەلگىسىنى ئۇلاپ سوزۇپ ئو-قۇش مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

مەسىلەن، ءَآلۡـَٰٔنَ. بۇ سۆز سۈرە «يۇنۇس» دا ئىككى ئورۇندا كېلىدۇ.

(7) بىر ھەرپتە سوزۇپ ئوقۇش:

سۈرىلەر بېشىدا ئۆزئارا قاتارلىشىپ كەلگەن ئۈچ ھەرپ ئوقۇلغاندا، ئوتتۇرىدىكى ھەرپتىكى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپنىڭ كەينىدىكى ھەرپ بۇ ئۈچ ھەرپتىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەرپ بىلەن بىرى-كىپ كەتسە، سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپى ئىبغىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: الم. بۇ مىسالدىكى "ل" ھەر-پى بىلەن "م" ھەرپى ئوقۇلغاندا، ئۇلار ئوتتۇرى-سىدا "م" ھەرپى بىرىكىدۇ. يەنى "ئەلىفلاممىم" دەپ ئوقۇلىدۇ. ئەگەر سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپى كەينىدىكى ھەرپ بىلەن بىرىكمىسە، ئۇنىڭ ئىچى-دىكى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپ يېنىك ئوقۇ-لىدۇ.

مەسىلەن، صٓ وَٱلۡقُرۡءَانِ.

بىر ھەرپتە توشقۇزۇپ سوزۇش كېرەك بول-غان ھەرپلەر جەمئىي سەككىز بولۇپ ئۇلار "ن، ق، ص، ع، س، ل، ك، م " لاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش مىقدارى ئۈچ ئەلىف-نى قاتارلاپ ھەربىرىنى ئىككى تاۋۇش بەلگىسىنى ئۇلاپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارى بىلەن باراۋەر بو-لىدۇ. بۇ سەككىز ھەرپ ئۈچ سوزۇلۇپ ئوقۇلىدى-غان ھەرپكە تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىنغان:

بىرىنچى، سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپ ئە-لىف" ا" ئۈچۈن تۆت ھەرپ تەقسىم قىلىنغان. ئۇلار "صٓ وَٱلۡقُرۡءَانِ" دىكى "ص" ھەرپى، "الٓمٓ" دىكى "ل" ھەرپى ۋە "كٓهيعٓصٓ"دىكى "ك" ۋە "ص" ھەرپلىرىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپى " ي" ئۈچۈن ئىككى ھەرپ تەقسىم قىلىنغان. ئۇلار " الٓمٓ" دىكى "م" ھەرپى ۋە "يسٓ" ۋە "طسٓ" لاردىكى " س " ھەرپى.

ئۈچىنچى، سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپ "و" ئۈچۈن بىر ھەرپ تەقسىم قىلىنغان. ئۇ "نٓ وَٱلۡقَلَمِ"دىكى "ن" ھەرپىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى يەتتە ھەرپ توشقۇزۇلۇپ سوزۇلى-دۇ. سۈرە «مەريەم» ۋە سۈرە «شۇرا» نىڭ بېشىدا كەلگەن "ع" ھەرپى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار: بىرى ئۇنىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ھەربىرى ئىككى تاۋۇش بەلگىسى قويۇلغان ئۈچ ئەلىفنىڭ ئۆزئارا ئۇلىنىپ سوزۇلۇش مىقدارى بىلەن باراۋەر سوزۇلىدۇ، دېگەن قاراش؛ يەنە بىرى، ئوتتۇراھال سوزۇش بولۇپ، ھەربىرى ئىككى تاۋۇش بەلگىسى قويۇلغان ئىككى ئەلىفنى ئۆزئارا ئۇلاپ سوزۇپ ئوقۇش بىلەن باراۋەر سوزۇلىدۇ، دېگەن قاراش.

بۇ ئىككى خىل قاراشتىن ئالدىنقىسى مەشھۇرراق. مەسىلەن، كٓهٰيٰعٓصٓ (19- سۈرە «مەريەم»، 1- ئايەت).

(8) بىر ھەرپتە يېنىك سوزۇش:

سۈرە بېشىدا قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى ھەرپنى يېنىك سوزۇش كېرەكتۇر. بۇنداق سوزۇلىدىغان ھەرپلەر جەمئىي بەشتۇر. ئۇلار "حمٓ" دىكى "ح"، "يٰسٓ"دىكى "ي" ھەرپى، "طٰهٰ" دىكى "ط"، "ه" ھەرپلىرى ۋە "الٓر" دىكى "ر" ھەرپىدىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر ئوقۇلغاندا ئىككى تاۋۇش بەلگىسىنى ئۇلاپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارىغا باراۋەر سوزۇلىدۇ.

(9) يۇمشاق سوزۇش:

يۇمران سوزۇلىدىغان ھەرپ جەمئىي ئىككىدۇر، ئۇلار "و" ھەرپى بىلەن "ي" ھەرپىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ھەرپ يۇمشاق سوزۇلۇپ ئوقۇلۇشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئۆزلىرى ساكىن بەلگىسى بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن ھەرپ زەۋەر بەلگىسىدە كەلگەن بولۇشى كېرەك.

مەسىلەن، عَلَيٰ كُلِّ شَيْءٍ. سَوْءٍ. اَلسَّيْرُ. فَلاَ خَوْفٌ.

(10) ئۇلانما سوزۇش:

ئۈچىنچى شەخس ئەر جىنسىدىكى بىرلىك ساندىكى ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئالماش يەنى "ه" ھەرپىنىڭ سۆز ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان "ـه" شەكلىنىڭ ئاخىرىغا سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش ھەرپىنى پەرەز قىلىپ ئوقۇشتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا "ه" ھەرپى پەش بەلگىسى ياكى زىر بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ، ھەمدە ئىككى تاۋۇش بەلگىسىنى ئۇلاپ سوزۇپ ئوقۇش مىقدارىغا باراۋەر سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. ئۇلانما سوزۇش تۆۋەندىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى: قىسقا ئۇلانما سوزۇش: ئەگەر "ه" ھەرپىنىڭ سۆز ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان "ـه" شەكلىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ تاۋۇش بەلگىسى قويۇلغان ھالدا كەلگەن بولسا، قىسقا ئۇلانما سوزۇش شەكىللىنىدۇ.

مەسىلەن، اِنَّهٗ كَانَ. وَلَهٗ مَا فِي السَّمٰوَاتِ.

ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىن بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا ئۇ سوزۇلمايدۇ. بىراق قارىي "ھەفس" نىڭ قىرائىتى بويىچە سۈرە «فۇرقان» دىكى "فِيهٖ مُهَانًا" دېگەن ئورۇندىكى "ـه" ھەرپ قىسقا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. "ه" ھەرپىنىڭ "ـه" شەكلىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ تاۋۇش بەلگىسى بىلەن، كەينىدىكى ھەرپ ساكىن بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا، "ـه" ھەرپ سوزۇلمايدۇ.

مەسىلەن، اِنَّهُ الْحَقُّ. وَلَهُ الدِّينُ.

ئىككىنچى، ئۇزۇن ئۇلانما سوزۇش: ئەگەر "ه" ھەرپىنىڭ "ـه" شەكلىنىڭ كەينىگە ھەمزىلىك ئەلىپ "أ، إ" لەردىن بىرى كەلگەن ياكى تاۋۇش بەلگىلىك ھەرپ كەلگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇزۇن ئۇلانما سوزۇش شەكىللىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا "ـه"نىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ھەربىرى ئىككى تاۋۇش بەلگىسىدىن بولغان ئىككى ئەلىپ ۋە بىر تاۋۇش بىلەن كەلگەن بىر ئەلىفنىڭ ئۆزئارا ئۇلىنىپ سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش مىقدارى بىلەن باراۋەردۇر. تېز سۈرئەتتە ئوقۇغاندا، ئىككى تاۋۇش بەلگىلىك بىر ئەلىفنىڭ سوزۇلۇپ ئوقۇلۇش مىقدارى بىلەن باراۋەر سوزۇش جائىزدۇر.

مەسىلەن، عِنْدَهٗ اِلاَّ بِاِذْنِهٖ. فِيهِ هُدًي. اِلَيْهِ اَخَاهُ.

**10. يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر توغرىسىدا:**

«قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي تۆۋەندىكى يەتتە ھەرپ يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ. ئۇلار "خ، ص، ض، ط، ظ، غ، ق "لاردىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر ئارىسىدا ئالاھىدە يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر "ص، ض، ط ، ظ " لاردىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش دەرىجە بويىچە يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ:

1) بۇ ھەرپلەر تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر بىلەن كېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ئەلىپ " ا، ا " ئۇلىنىپ كەلگەن بولسا، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يوغانلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، طَابَ. وَضَاقَ. صَابِرًا. يُظَاهِرُونَ. يُقَاتِلُونَ. غَائِبِينَ. خَائِبِينَ.

2) بۇ ھەرپلەر تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىگە سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ئەلىف كەلمىگەن بولسا، بىرىنچى دەرىجىدىن ئازراق تۆۋەن دەرىجىدە يوغانلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، طَبَعَ ، وَضَرَبَ. وَصَدَقَ . ظَلَّ. وَقَتَلَ. وَغَفَرَ. وَخَلَقَ.

3) ئەگەر بۇ ھەرپلەر تاۋۇش بەلگىسى پەش بىلەن كەلگەن بولسا، ئىككىنچى دەرىجىدىن سەل تۆۋەنرەك يوغانلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، وَطُبِعَ. صُرِفَتْ. وَضُرِبَتْ. يُظَنُّونَ. قُتِلَ. غُلِبَتْ. خُلِقَتْ.

4) بۇ ھەرپلەر ئەگەر ساكىن بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا ئۈچىنچى دەرىجىدىن تۆۋەنرەك يوغانلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، يَطْبَعُ .يَضْرِبُ .أَصْبَرَهُمْ .يَظْلِمْ . يَقْتُلْ. يَخْلُقُ.

5) بۇ ھەرپلەر ئەگەر باشقا تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن كەلگەن بولسا، تۆتىنچى دەرىجىدىن تۆۋەنرەك يوغانلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، طِبَاقًا. صِرَاطًا. ظِلًّا. قِتَالًا. غِشَاوَةٌ. خِفَافًا.

**11. ”ر“ ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇش پىرىنسىپلىرى توغرىسىدا:**

«قۇرئان كەرىم» دىكى ” ر “ ھەرپى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال بويىچە ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ:

**1) يوغانلىتىپ (لەتەفخىم) ئوقۇش:**

”ر“ ھەرپى «قۇرئان كەرىم» دىكى ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا، ياكى ئاخىرىدا تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر ياكى پەش بىلەن كەلسە يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، كُلَّمَا رُزِقُوا. رَأَوْا. اَلْكَافِرُونَ.

ئەگەر ” ر “ ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر ياكى پەش بىلەن كەلسە ئوخشاشلا يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، لَا تَرْفَعُوا . نُرْسِلُ . اَلْمُرْسَلُونَ .

ئەگەر ” ر “ ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەمزىسىز كەلگەن ئەلىف ” ا “ تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلسە ياكى ساكىنلىق ”ر“ ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەمزىسىز ئەلىف ”ا“ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىپ، شۇ چۈشۈپ قالغان ئەلىفنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلگەن بولسا ئوخشاشلا يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، اِرْجِعُوا. اِنِ ارْتَبْتُمْ.

ئەگەر ” ر “ ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۆزنىڭ ئەسلى ھەرپى بولۇپ، ئۇ تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلگەن بولسا ھەمدە ساكىنلىق ”ر“نىڭ كەينىدىكى ھەرپ تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر بىلەن كېلىش بىلەن بىرگە سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ئەلىف ئۇلىنىپ كەلسە، شۇ ساكىنلىق ” ر “ ھەرپى يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، اِرْصَادًا. قِرْطَاسٍ.

ئەگەر ساكىنلىق ”ر“ ھەرپىنىڭ كەينىدە يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدىغان سەككىز ھەرپىنىڭ بىرى تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر ياكى پەش بىلەن كەلسە، يەنە ئوخشاشلا يوغانلىتىلىدۇ.

مەسىلەن، فِرْقَةٌ

**2) ئىنچىكىلىتىپ (لەتەرقىيق) ئوقۇش:**

ئەگەر ” ر “ ھەرپى سۆز بېشىدا، سۆز ئوتتۇرىسىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلسە ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، وَاَرِنَا مَنَاسِكَنَا. رِزْقًا قَالُوا. وَالْفَجْرِ وَلَيَالٍ عَشْرٍ (79-سۈرە «فەجر» ، 1-2-ئايەتلەر) .

ئەگەر تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلگەن ”ر“ ھەرپىنىڭ ئالدىدا ساكىنلىق ”ي“ ياكى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ”ي“ ھەرپى كەلسە، ”ر“ ھەرپى ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، بَصِيرٌ. اَلنَّذِيرُ. اَلْخَيْرُ. وَغَيْرُ.

” ر “ ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۆزنىڭ ئەسلى ھەرپى بولۇپ، ئۇ تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلگەن بولسا، شۇ ساكىنلىق ” ر “ ھەرپى ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

أَنْذِرْهُمْ . فِرْعَوْنَ . مِرْيَةٌ.

**3) ھەم يوغانلىتىپ ئوقۇش، ھەم ئىنچىكىلىتىپ ئوقۇش:**

ئەگەر ” ر “ ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ،

ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۆزنىڭ ئەسلى ھەرپى بولۇپ ئۇنىڭ كەينىگە يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدىغان سەككىز ھەرپتىن بىرى كەلسە، شۇ ساكىنلىق "ر" ھەرپى ھەم يوغانلىتىلىپ ھەم ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، فِرْقَةٌ.

**12. سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ئەلىف " ا، ا " نىڭ يوغانلىتىلىپ ۋە ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلۇشى توغرىسىدا:**

ئەگەر بۇ ھەرپ يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدىغان سەككىز ھەرپنىڭ بىرىنىڭ كەينىدە كەلسە يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، ضَاقَ. وَطَالَ. وَالرَّاشِدُونَ. وَقَالَ.

بۇ ھەرپ يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدىغان سەككىز ھەرپ، سوزۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپ، "الله" سۆزىدىكى "ل" ھەرپى ۋە "ر" ھەرپىدىن باشقا بارلىق ھەرپلەرنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلسە، ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، جَاءَ شَاءَ اَلرَّحْمٰنِ.

**13. "الله" سۆزىدىكى " ل " ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى توغرىسىدا:**

ئەگەر "الله" سۆزىنىڭ ئالدىدىكى سۆزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ تاۋۇش بەلگىسى زەۋەر ياكى پەش بىلەن كەلگەن بولسا ئۇنىڭدىكى " ل" ھەرپى يوغانلىتىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، قَالَ عِيسَي ابْنَ مَرْيَمَ اللّٰهُ رَبَّنَا (5-سۈرە «مائىدە»، 114-ئايەت).

ئەگەر " آللّٰهُ " سۆزى بىلەن باشلانغان ئايەت بولسا، ئۇنىڭدىكى " ل " ھەرپى يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، اَللّٰهُ لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ (2-سۈرە «بەقەرە»، 255-ئايەت).

ئەگەر " اَللّٰهُ " سۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ تاۋۇش بەلگىسى زىر بىلەن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىكى "ل" ھەرپى ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن، بِاللّٰهِ وَلِلّٰهِ. قُلِ اللّٰهُمَّ.

**14. «قۇرئان كەرىم»دىكى بەزى شەرتلىك بەلگىلەر توغرىسىدا:**

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى باش-ئاخىرىغا رەقەم قويۇلۇش بىلەن گەۋدىلەنگەن. بۇلاردىن بىرقانچە رەقەملەر بىلەن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ مۇكەممەل بىر مەزمۇننى ياكى بىرلا ئايەتنىڭ بىرلا مەزمۇننى ئىپادىلىشكە ئاساسەن، «قۇرئان كەرىم» تەجۋىد ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلغان ئۆلىمالار ۋە «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى بىلەن شۇغۇللانغان مۇفەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم» ئوقۇغاندا قايسى ئورۇندا توختاش، قايسى ئورۇندا توختىماسلىق، قايسى ئورۇندا توختاش ئەۋزەلرەك ۋە قايسى ئورۇندا ئۇلاپ ئوقۇش ئەۋزەلرەك قاتارلىق مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدىغان شەرتلىك بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن. «قۇرئان كەرىم» ئوقۇماقچى بولغان ھەربىر قارىي شۇ شەرتلىك بەلگىلەرنى تونۇۋېلىشى ناھايىتى زۆرۈر. يەنە بىر ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەسىلە، بىزنىڭ شىنجاڭ رايونىمىزغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرگە ئۆگەتكەن يەتتە خىل سەھىھ قىرائىتىدىن، يەتتە ئىمامنىڭ بىرى بولغان ئىمام ھەفسنىڭ قىرائىتى يېتىپ كەلگەن. قولىمىزدىكى ئاتا- بوۋىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى ئىمام ھەفسنىڭ قىرائىتى بويىچە نەشر قىلىنغان نۇسخىلاردۇر. ئەگەر قولىمىزغا باشقا ئىماملارنىڭ قىرائىتى بويىچە نەشر قىلىنغان نۇسخىلار چىقىپ قالسا، بىز بەلگىم تۇرغۇچ بەلگىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ھەيران قېلىشىمىز مۇمكىن. يېقىندا قولىمىزغا يېڭى مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان، شەرتلىك بەلگىلەر ئاساسەن ئىشلىتىلمىگەن نۇسخىلار يېتىپ كەلدى. بۇ نۇسخىلار بىر دۆلەت ياكى رايونغا مەخسۇس تارقىتىش ئۈچۈن كۆپەيتىلگەن نۇسخىلار بولماستىن، ئۇنىڭدا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز رايونىغا يېتىپ بارغان ئىماملىرىنىڭ قىرائىتى بويىچە ئوقۇشى ئۈچۈن شەرتلىك بەلگىلەر ئىشلىتىلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇنداق نۇسخىلار قولىغا چىقىپ قالغان قارىيلار "بۇ ئاسان «قۇرئان كەرىم» ئىكەن" دەپ ئويلاپ، توختاشقا تېگىشلىك جايلاردا توختىماي ئوقۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك. تۆۋەندە بىزگە يەتكەن كونا-يېڭى نۇسخىلاردىكى دائىم ئۇچرايدىغان شەرتلىك بەلگىلەرگە

www.uyghurkitap.com



قىسقىچە ئىزاھات بېرىمىز:

م: «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان كىشىدىن بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايىنىڭ ئۆزىدە توختىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

لا: «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى چەكلىنىدۇ.

ج: «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى جائىزدۇر.

ز: «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى جائىز قىلىنغان.

ص: «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان كىشىگە بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى رۇخسەت قىلىنغان.

ق: توختاشقا بولىدۇ دەپ قارالغان جاي.

قف: ”توختا“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قلى: بۇ بەلگە قەيەردە بولسا، شۇ جايدا توختاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

صلى: بۇ بەلگە قەيەردە بولسا، شۇ جايدا ئۇلاپ ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

∴ ∴: بۇ ئىككى بەلگە ئوتتۇرىسىدا بىر ياكى ئىككى سۆز قالدۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى بەلگە ئۇچرىغاندا ئالدىدىكىنىڭ جايىدا توختىغاندا كەينىدىكىنىڭ جايىدا توختاشقا بولمايدۇ ياكى كەينىدىكىنىڭ جايىدا توختىغاندا ئالدىدىكىنىڭ جايىدا توختاشقا بولمايدۇ. يەنى ئىككىسىنىڭ بىرىدە توختاش جائىزدۇر.

•: بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپنى تەلەپپۇز قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

٥: بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپنىڭ ئوقۇلمايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپتە توختىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

س: بۇ بەلگە ” “ ھەرپنى ”س“ ھەرپكە ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

~: بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرپنى زىيادە سوزۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ع: بۇ بەلگە قويۇلغان جايدا «قۇرئان كەرىم»ئوقۇشنى توختىتىشقا بولىدىغانلىقىنى، بىر سۈرىنىڭ ئاياغلاش-قانلىقىنى ۋە ناماز ئۆتكەندە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ بۇ بەلگە بار جايغا كەلگەندە رۇكۇ قىلىش ئۈچۈن توختاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ط: بۇ بەلگە مۇتلەق توختاشنى بىلدۈرىدۇ.

۩: بۇ بەلگە قويۇلغان ئورۇندا توختاپ سەجدە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان سۆزنىڭ ئاستىغا سىزىق تارتىلغان ياكى ”سجدە“ دېگەن خەت يېزىلغان.

۞: بۇ بەلگە قويۇلغان جايدا بىر پارە، يېرىم پارە، ياكى بىر پارىنىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى كونا مەتبۇئاتلاردا بىر پارىنىڭ باشلانغانلىقىنى شۇ باشلانغان يېڭى پارىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنى ئالاھىدە چوڭ يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ك: بۇ بەلگە قويۇلغان جايدا ئالدىدىكى كەلگەن بەلگە بىلەن ئوخشاش بەلگە بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «قۇرئان كەرىم».
2. مەننائۇل قەتتان: «‹قۇرئان كەرىم› توغرىسىدا تەتقىقاتلار» (ئەرەبچە).
3. ئابدۇل فەتتاھ سەيىد مەرسەفى: «ھىدايەتۇل قارىي» (ئەرەبچە).
4. شەيخ مۇھەممەد مەھمۇد:«ھىدايەتۇل مۇستەفىيد»(ئەرەبچە).
5. ئەلى ئەھمەد سەبرە: «مۇلەخخەس فىي فەننىتتەجۋىيد»(ئەرەبچە).
6. دامۇللا ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس قەشقەرى: «تەجۋىيد تۈركى».
7. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984-يىل نەشرى.
8. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان.

# ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن

ما گۇيداۋ

ئىسلام دىنى تىنچلىقنى سۆيىدىغان، تىنچلىقنى قوغدايدىغان ھەمدە ئىزچىل تۈردە تىنچ تەرەققىيات يولىغا مېڭىشتا چىڭ تۇرىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم»دە: **«ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا (يەنى تىنچلىق دىنىغا) پۈتۈنلەي كىرىڭلار»** دېيىلگەن (2-سۈرە «بەقەرە»، 208-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە يەنە: **«پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»** دېيىلگەن (16-سۈرە «نەھل»، 125-ئايەت).

ئىسلام دىنى يەنە تىنچ جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، ئۇ ئىمانىنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق بارلىق مۆمىنلەرنى تىنچلىق دىنىدا بولۇشقا چاقىرىدۇ، مۆمىنلەر ئۆز ھاياتىنىڭ ھەربىر پەيتىدە، ئۆزىگە ئالاقىدار بولۇشى ئېھتىمالى بولغان ھەربىر ساھەدە— مەيلى تەپەككۇر قىلىش ئېڭى ياكى ئىش-ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشى ۋە تەرغىب قىلىشى لازىم، بۇ روھنىڭ جەمئىيەتكە سىڭدۈرۈلىدىغىنى تامامەن ئەمىنلىك، تىنچلىق،دوستلۇق ۋەمۇقىملىقتىن ئىبارەتبولىدۇ.

«ئىسلام» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «تىنچلىق»، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئامانلىق تىلەش سۆزى «سالام» سۆزىنىڭ مەنىسمۇ «تىنچلىق ۋەئامانلىق»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى تەرغىب قىلىشقا بۇيرۇغىنى«تىنچلىق»، پەرىشتىلەرنىڭ جەننەتكە كىرگەن مۆمىنلەرنى مۇبارەكلەپ قىلىدىغان تەبرىكسۆزى«تىنچلىق»، جەننەت ئەھلىنىڭ بىر-بىرىگە قىلىشىدىغان تەبرىك سۆزى «تىنچلىق ۋە ئامانلىق»، ئاللاتائالانىڭ مۆمىنلەرگە مۇلاقات بولغاندا دەيدىغان تەبرىك سۆزى «تىنچلىق»، مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتىنىڭ دەرۋازىلىرىدىن بىرسى «تىنچلىق دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئاللاتائالانىڭ 99 مۇبارەك ئىسمىدىن بەش ئىسمىنىڭ «تىنچلىق» مەنىسى بار، سەككىز جەننەتتىن بىرسىنىڭ نامى «تىنچلىق جەننەتى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنداق مىساللار ئىسلام دىنىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇلاردىن ئايانكى، ئىسلامنىڭ چىقىش نۇقتىسى— تىنچلىق، قوللىنىدىغان ئۇسۇلى تىنچلىقنى تەشۋىق قىلىش، كىشىلەرگە تارقىتىشقا ۋە ھەر دائىم ئېسىدە چىڭ ساقلاشقا تەۋسىيە قىلىدىغىنى— تىنچلىق، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى— تىنچلىق، كەلگۈسىنىڭ غايە قارارگاھىمۇ يەنىلا تىنچلىق.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى كۆزەتكىنىمىزدە، شۇنىسى بىزگە ئايان بولىدۇكى، تىنچلىق— ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى، تىنچلىق— مۇسۇلمانلار تەلپۈنىدىغان گۈزەل ھاياتنىڭ كاپالىتى.

مىلادى 7-ئەسىر باشلىرىدا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىي تەرغىباتنى باشلاش ھارپىسىدا، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئىپتىدائىي ئۇرۇق قەبىلىلىرى پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللىنىۋاتقان زور ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇراتتى، مەنپەئەت قوغلىشىش تۈپەيلىدىن قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشلار ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ چاغدا، يېرىم ئارالدا دىنىي ئەھۋالمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. ھەربىر قەبىلىنىڭ دېگۈدەك ئۆز ئالدىغا بىردىن «ئىلاھى» بار ئىدى، كىشىلەر تۈرلۈك «ئىلاھ»لارنىڭ «ھامىيلىقى»دا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشەتتى، نەتىجىدە جەمئىيەت

www.uyghurkitap.com

قالايمىقان، ئەخلاق-پەزىلەت چىرىكلەشكەن، ئىش-لەپچىقىرىش تۇرغۇنلۇقتا قالغان، خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن نامراتلىقتا چۆمگەن ھالەت شەكىللەنگەن-دى. دەل كىشىلەر ھەقىقەتكە تەشنا بولۇۋاتقان، تىنچلىق ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىۋاتقان بىر چاغدا، ئىسلام دىنى گويا شەرقتىن چىققان قۇياشتەك پۈت-كۈل زېمىننى يورۇتتى. "تەۋھىد" (ئاللانى بىر دەپ تونۇش) ئىدىيىسى ئېتىقادى ئەرەبلەرنىڭ ئىدىيۋى ئېڭىنى بىرلىككە كەلتۈردى، پۈتكۈل ئەرەب جەمئى-يىتىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتا نادان، مەدەنىيىتى قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەرەب مىللىتىنى قەيسەر، باتۇر، مەدەنىي، مۇنەۋۋەر بىر مىللەتكە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 100 يىلغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە، ئىسلام دىنى بىراقلا ياۋروپا-ئاسىيا-ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىت-ئەنى كېسىپ ئۆتىدىغان دۇنياۋى دىن بولۇپ قالدى.

ھازىرقى كۈندە، ئىسلام دىنى دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرسىگە ئايلاندى. مەيلى مەغرىب ياكى مەشرىقتە بولسۇن، ھەممىلا يەردە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەزان مۇنارلىرى كۆزگە چېلىقى-دۇ. مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇي-دىغان چاغدا ئاڭلانغان ئەزان ساداسى كۆكنى يېرىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياڭرىماقتا.

ئىسلام دىنى تارقىلىش داۋامىدا، باشتىن-ئا-خىر تىنچ تەرەققىي قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ تارىخىدا گەرچە ئامالسىزلىقتىن قىلغان بەزى قوغدىنىش ئۇرۇشلىرى بولغان بولسى-مۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا قوغدىنىش ۋە ئۇرۇش شەكلى ئارقىلىق تىنچلىقنى قوغداش بىلەن تاماھ-لاندى.

«قۇرئان كەرىم»دە: "**سىلەرگە ئۇرۇش ئاچ-قان ئادەملەرگە قارشى ئاللا يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللا ھە-قىقەتەن دوست تۇتمايدۇ**" دېيىلگەن (2-سۈرە «بە-قەرە»، 190-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە يەنە: "**ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى**" دېيىلگەن (22- سۈرە «ھەج»، 39-ئايەت).

ئىسلام دىنىنىڭ قارشىدا، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇرۇشنى توسۇش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاللاتائالا مۇسۇلمانلار ھەققانىي كۈرەش ئارقىلىق تىرىكچىلىك ۋە تىنچ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ھوقۇقىنى ئاتا قىل-غان. بۇ يەردە تىنچلىق پائالىيىتىنىڭ تاشقى ئاملى كېڭەيتىلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان. ھالبۇكى، ئاللاتائالا شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە: "**ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن**" دەپ ئاگاھ-لاندۇرغان (8-سۈرە «ئەنفال»، 61-ئايەت).

بۇلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى دۇنيانىڭ ئو-مۇميۈزلۈك، ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىقىنى ئىزدەش-تىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى زوراۋانلىققا قارشى تۇ-رىدۇ، ھە دېسىلا قورال كۈچ ئىشلىتىدىغان ۋەھشى-يانە قىلمىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇ-ھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈلگە كۆرسەت-كەن.

مىلادى 610-يىلى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مەككە مۇكەررەمەدە دىن تەرغىب قىلىشقا باشلىغان، مەككىدە دىنىي تەرغى-بات ئېلىپ بارغان 13 يىل ئىچىدە، مەككىدىكى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئاھانەت ۋە زىيانكەشلىك-لىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان، ھەتتا ئۇلار ئۇنىڭ تۇرار جايىمۇ ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغ-قان، دوست-يارەنلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، نەتىجىدە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆي-ماكانىدىن مەھرۇم بو-لۇپ، سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. بىر كۈنى كەلگەندە، ئۇلار، نەچچە ئون مىڭلىغان ھەج تاۋاپ قوشۇننى باشلاپ ۋىدالىشىش ھەجىگە كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن چىقىرىدىغان ھۆكۈمنى قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە كۈتۈۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇلارغا: "**بېرىڭلار! سىلەر پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندىڭلار**" دېگەن.

گۇناھلىرى چېكىدىن ئاشقان بۇ مەككىلىكلەر قاتتىق تەسىرلەنگەن، ئەرەبلەر قاتتىق تەسىرلەن-

گەن. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقىنى كۆرگەن، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى تەرغىب قىلىشتەك تۈپ روھىنى كۆرگەن. بىر كىچە ئىچىدە مەككە شەھىرى تىنچلىق شەھىرىگە ئايلانغان؛ ئەرەبلەر ۋە غەيرىي ئەرەبلەر بەس-بەس بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان. ئىسلام دىنى تىنچ يول بىلەن دىن تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ زورايغان.

مەسچىتلەرنىڭ ئەزان مۇنارلىرىنىڭ رەڭگارەڭ قۇرۇلۇشلاردا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى، توپ-توپ مۇسۇلمانلارنىڭ، ئەرزان ساداسىنى ئاڭلاش بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەردە مۇقەددەس شەھەر — مەككىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ھەر خىل پاسوندا كىيىنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دۇنيا ئەھلى ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ ياش دىنىنىڭ ھەقىقەتەن راۋاج تېپىپ زورايغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئېنىقلىنىشىچە، ئىسلام دىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭخۇي 2 -يىلى (مىلادى 651 -يىلى) جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا "ئەجنەبىلەرنىڭ قورال-ياراغلىرى"غا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى دېڭىز يولى سودىسى، يىپەك يولى، ئۆزئارا ئەلچىلەر ئۇمىكى ئەۋەتىش قاتارلىق تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن تارقالغان. ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ئوخشاشلا تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىغا ئەمەل قىلغان.

ھازىر مەملىكىتىمىزدە كۆركەم، ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن نەپكە ئېرىشكەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش تۇيغىسى ئاستىدا، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشماقتا.

ھازىر ئىسلام دىنى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە باراۋەرلىكى سىياسىتى ئەمەلىيلەشتى. مەملىكەت بويىچە ئېچىۋېتىلگەن ۋە قايتىدىن سېلىنغان مەسچىتلەر 34 مىڭغا يەتتى، ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلار سانى، مەسچىت-مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ سانى، ناماز ئوتەۋاتقانلارنىڭ سانى، ھەر يىلى مەككە-مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى ھەمدە بېسىلىۋاتقان ئىسلام دىنى كىتابلىرى ۋە ئىشلىنىۋاتقان مۇسۇلمانچە بۇيۇملارنىڭ سانى ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىز ھازىر ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقالغاندىن بۇيانقى ئاۋاتلىق دەۋرىدە، ئالتۇن دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا، ھەر بىر ۋىجدانلىق مۇسۇلمان بۇ پەيتنى ھەسسىلەپ قەدىرلىشى، ھەممىگە قادىر ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، تىرىشىپ ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنىمۇ يۇكسەلدۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە غەربىي قىسمىنى كەڭ دائىرىدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

ئاللانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلام دىنى كىشىلەرگە ئاللاغا تەقۋادار بولۇپ، بەندىلەرنى سۆيۈش، تىرىشىپ ئالغا يۈكسىلىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇن-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىپ، تىنچلىقنى سۆيىدىغان بىر پۇقرا بولۇشنى ئېخمۇ تەۋسىيە قىلىدۇ. مەيلى قاچان بولمىسۇن، ئىنسانلار پەقەت ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى بويىچە ئىش قىلسىلا، ئۇ (ئىسلام دىنى) ئىنسانىيەتنى تىنچ، گۈزەل يېڭى دۇنياغا ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، تىنچلىقنى قوغداش، مۇقىملىقنى قوغداش، ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنى قوغداش ئىسلام دىنى ھەربىر مۇسۇلمانغا تاپشۇرغان پەرز مەجبۇرىيەت.

**(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)**

www.uyghurkitap.com

# ماراكەشنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

▲ئادىل ھاجى كېرەم

2000-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى ماراكەشنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەيمۇن مەھدى، مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى سەييىد ئەلىي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن باش كاتىپ مۇستاپا ياڭ جىبولار مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. ئىككى تەرەپ، ئىككى مەملىكەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە تەرەققىيات ئۈستىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

1. جەمئىيەت رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن مېھمانلارنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باش ئەلچى مەيمۇن جەمئىيەت رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، شەرەپ بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى، ئۇنىڭ ئاللاتائالانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەئىس چېن گۇاڭيۈەنگە جەمئىيەتنىڭ روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن پادىشاھ مۇھەممەد VI گە ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىگە پادىشاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان جاۋاب خېتى ۋە ھېيتلىق تەبرىك خېتىنى سۇندى. رەئىس چېن گۇاڭيۈەن: „پادىشاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ھېيتلىق تەبرىك خېتى قايتۇرۇشى، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ“ دېدى.

2. ئىككى تەرەپ خۇشال ھالدا جۇڭگو-ماراكەش ئىككى مەملىكەت ھۆكۈمىتى، خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈشتى. باش ئەلچى مەيمۇن ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI نىڭ مەرھۇم پادىشاھ ھەسەن II نىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ۋە ھەرقايسى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، داۋاملىق ھالدا رامىزانلىق لېكسىيە يىغىنىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشىغا تەكلىپ يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باش ئەلچى يەنە: ”پادىشاھ مۇھەممەد VI ئالىيلىرى ماراكەش-جۇڭگو ئىككى مەملىكەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەگەر سىلەردە قانداق ئارزۇ-ئىستەكلەر بولسا ئوتتۇرىغا قويساڭلار، مەن مەسئۇل بولۇپ يەتكۈزىمەن ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىمەن“ دېدى.

3. باش ئەلچى مەيمۇن يەنە مۇنداق دېدى: ئىككى تەرەپ ئىلگىرى ئورناتقان مۇناسىۋەتلەردىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئۆزئارا ھەمكارلاشساق: 1) جۇڭگو مۇسۇلمان ياشلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە، ئىككى مەملىكەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە بىنائەن، ئىككى تەرەپ ھەر يىلى ئۆزئارا ئالتىدىن ئوقۇغۇچى ئەۋەتىدۇ. شۇڭا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ جەھەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت ماتارىپ ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر يىلى ئىككىدىن ئۈچكىچە تالىپنى ماراكەشكە ئەرەب تىلى ياكى ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 2) كىتاب ۋە ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، ئىسلام دىنى ئادىل، ھەققانىي ۋە كەڭچىل دىن، ئۇ ئىرقىي كەمسىتىش ۋە زوراۋانلىق قىلمىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ماراكەش-جۇڭگو ئىككى مەملىكەت نەشر قىلغان ئىسلام دىنى كىتابلىرى چوقۇم ھەققانىيلىك-

كە ۋە قىممەتكە ئىگە. شۇڭا، بۇ خىلدىكى كىتابلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرساق، شۇنداقلا، بۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى مەملىكەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرساق. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن باش ئەلچى مەيمۇننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىجابىي پىكىرلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## نورۋېگىيە دىنىي ئىشلار ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى

ئادىل ھاجى كېرەم

دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان يەتتە كىشىلىك نورۋېگىيە دىنىي ئىشلار ئۆمىكى 2000-يىل 3-ئاينىڭ 24-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىس سىددىق ما جۇڭجې، مۇئاۋىن باش كاتىپ قوشۇمچە خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستاپا ياڭ جىبو، خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ جەمئىيىتىمىزنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە مېھمانلارغا جۇڭگو مۇسۇلمانلار مائارىپى ۋە دىنىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭدەك، مېھمانلار ئوتتۇرىغا قويغان مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. ئۆمەك ئەزاسى لارىسىن رىنا خانىم جۇڭگو مۇسۇلمان باللار مائارىپى، مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن تويى قىلىشى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سورىغاندا، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن سوئاللارغا ئايرىم-ئايرىم جاۋاب بەردى.

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىگە تەشەككۈر

1. قەشقەر شەھىرىدىن: خالىس ئىئانىچى 1000يۈەن؛
2. ئاتۇش شەھىرىدىن: ئەلانۇر خانىم 1000 يۈەن؛
3. ئاتۇش شەھىرىدىن: ئانىقىزھاجى 200يۈەن؛
4. قۇمۇل شەھىرىدىن: زىنەپگۈل 100 يۈەن؛
5. قاراماي شەھىرىدىن: ھەبىبۇللا جاپپار 100 يۈەن؛
6. كورلا شەھىرىدىن: سەفىيۇللا زايىت 60 يۈەن؛
7. قەشقەر شەھىرىدىن: ئەمەتجان نۇر 50 يۈەن؛
8. خوتەن ناھىيىسىدىن: مەمەت ئىدرىس ھاجى 50 يۈەن؛
9. تۇرپان شەھىرىدىن روزىخان ئىزىز 30 يۈەن؛
10. خوتەن شەھىرىدىن: ئابلىمىت ئابدۇراخمان 20 يۈەن؛
11. بورتالا شەھىرىدىن: مەمەتجان سىدىق 20 يۈەن؛
12. خوتەن ناھىيىسىدىن: مەمەت جۇمەسەيدى 15 يۈەن؛
13. ئاتۇش شەھىرىدىن: پاتىگۈل تۇردى 14 يۈەن؛

**يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا بازىرىدىن ئىئانە قىلغۇچىلار:**

1. غېنى قارىي ئىمىن 10 يۈەن؛
2. پولاتجان مەخمۇت 10 يۈەن؛
3. غېنى قارىي ئابدۇرىشىت 10 يۈەن؛
4. ئابدۇرۇسۇل تۇرسۇن 10 يۈەن؛
5. راخمانجان ئابلا 10 يۈەن؛
6. ئەمەتجان داۋۇت 10 يۈەن؛
7. ئابلا ئەخمەت سەيدىن 10 يۈەن؛
8. مەمەت ئىمىن نامەت 10 يۈەن؛
9. سايىمجان تۇردى 5 يۈەن؛
10. قېيۇمجان ئابدۇرەھىم 5 يۈەن؛
11. ئابدۇرەھىم قادىر 5 يۈەن؛
12. ئابدۇكېرىم توختى 5 يۈەن؛

**(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: غېنى قارىي ئىمىن)**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭلىق ۋەكىللەر ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە يېڭىدىن سايلانغان ھەيئەت ئەزالىرى ئىسىملىكى

(ئىلاۋە: بۇ ئىسىملىك ئەسلىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىغا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. سەھىپە يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئۇ سانغا بېرىلمەي، ئەمدى بۇ سانغا بەردۇق. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىسىملىكى بىلەن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئىسىملىكىنى ئۆتكەنكى ساندا بەرگەنىدۇق.)

## ۋەكىللەر ئىسىملىكى:

(مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر)

**قەشقەر ۋىلايىتىدىن:** ھارۇنخان مەخسۇم داموللا ھاجى (قەشقەر شەھىرى)، سادىق قارىي ھاجى (قەشقەر شەھىرى)، ئابلىمىتخان مامۇت ھاجى (قاغىلىق)، زۇنۇن قارىي ھاجى (كونا شەھەر)، مۇھەممەد ئىسرائىل ھاجى (پەيزاۋات)، بەدىردىن مەخسۇم ھاجى (مارالبېشى)، ئابدۇسەمەت ھاجى ھوشۇر (يەكەن)، سەدىردىن خان (تاجىك، تاشقۇرغان)، مەلىكەنىساخان ھاجى مەمەت (ئايال، يەكەن)، نۇرىمان خان. بۇۋىي (ئايال، قەشقەر شەھىرى).

**خوتەن ۋىلايىتىدىن:** ئابدۇللەتىپ ئابدۇرېھىم داموللا (خوتەن شەھىرى)، ئابلىمىت داموللا (خوتەن شەھىرى)، ئوبۇلھەسەن داموللا (چىرا)، سەيدىن ئۆمەر قارىي ھاجى (لوپ)، ئابلەت مەخسۇم ھاجى (قاراقاش)، مۇكەررەم مەخسۇم ھاجى (گۇما)، بۇۋىي رابىخان (ئايال، خوتەن ناھىيە).

**قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن:** نىياز قارىي ھاجى (قىرغىز، ئاقتۇ)، جارۇللا قارىي ھاجى (ئوبلاستلىق دىنىي مەكتەپ)، مۇھەممەت ئەلى سارتاي (قىرغىز، ئۇلۇغچات)، رەھمىتۇللا قارىي ھاجى (ئاقتۇ)

**ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن:** يۇنۇس قۇربان داموللا (ئاقسۇ شەھىرى)، قۇدرىتۇللا مەخسۇم ھاجى (ئاۋات)، ئابلا ئايۇپ ھاجى (توقسۇ)، ئابلىمىت يەھيا ئىمام (كەلپىن)، ئالىم پولات قارىي ھاجى (ئونسۇ)، قاھار ئىسمائىل ئىمام (كۇچار).

**بايىنغولىن ئوبلاستىدىن:** ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى (بۈگۈر)، بارات داموللا ھاجى (قارا شەھەر)، غوپۇر كېرىم داموللا (كورلا)، ما خۇڭۋۇ ھاجى (خۇيزۇ، قارا شەھەر)، گاۋ فېي (خۇيزۇ، كارخانىچى، قاراشەھەر)، ھاۋاخان نىزىر ھاجى (ئايال، كورلا).

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىن:** ھەكىم يەھيا ھاجى (قۇمۇل شەھىرى)، جېنىس ئىمام (قازاق، بارىكۆل).

**تۇرپان ۋىلايىتىدىن:** رەجەپ ھاپىز ھاجى (پىچان)، بەي شۇمىڭ ئاخۇن (خۇيزۇ، توقسۇن)، نۇراخان بۇۋىي مەخمۇت (ئايال، تۇرپان).

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:**

ما ئەنتەي ھاجى ئاخۇن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، شىرىپجان داموللا ھاجى (ئۈرۈمچى شەھىرى)، ئابدۇراخمان سىماغزام موللا (قازاق، ئۈرۈمچى ناھىيىسى)، مەخمۇت تۇرسۇن داموللا (ئۈرۈمچى شەھىرى)، ماشۇشىن ئاخۇن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، ھەپىزىخان بۇۋىي ھەكىم (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى)، شيەن فۇچېڭ ئاخۇن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى).

**ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەردىن:** مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (ئىسلام دارىلفۇنۇنى)، ئىبراھىم ھاجى روزى (ئىسلام جەمئىيىتى)، ئىبراھىم ۋۇجىڭگۇاڭ ھاجى (ئىسلام جەمئىيىتى)، تەلئەت ھاجى تۇرسۇن

(بىرلىك سەپ بۆلۈمى)، مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى (مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، ھاجى خوجائابدۇل-لا ئۇسمان (ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى).

**سانجى ئوبلاستىدىن:** لى چىڭيۈەن ئاخۇن (خۇيزۇ، سانجى شەھىرى)، ئەبەيدۇللا ھاجى (گۇچۇڭ)، ما يىشاۋ ئاخۇن (خۇيزۇ، مىچۈەن)، ئاخات موللا (قازاق، قۇتۇبى)، تۇنىياز موللا (تاتار، گۇچۇڭ)، ما يەنچىن (ئايال، خۇيزۇ، سانجى شەھىرى).

**ئىلى ۋىلايىتىدىن:** يەھياجان قارىي ھاجى (ئۆزبېك، غۇلجا شەھىرى)، ما يۈيلىن ئاخۇن (خۇيزۇ، غۇلجا شەھىرى)، ئابلىمىت ھاجى (غۇلجا ناھىيە)، ئابدۇرىشىت قارىي ھاجى (قورغاس)، ما جىنسەي ئاخۇن (دۇڭشياڭ، غۇلجا ناھىيىسى)، قادىرجان ئۆمەر قارىي ھاجى (غۇلجا شەھىرى)، نۇرتاي ھاجى (كارخانىچى، غۇلجا شەھىرى)، كەنجىباي ئالىخان ئىمام (قازاق، كۈنەس).

**ئالتاي ۋىلايىتىدىن:** ھاجىئەكبەرقوڭۇر (قازاق، بۇرۇلتوقاي)،غازىزئەخەتھاجى (قازاق،كۆكتوقاي).

**تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن:** ئابلەت يۇنۇس ئىمام (قوبۇقسار)، خالمەت چىكىر ئىمام (قازاق، تولى)، دۆلەتقان ئىسلامخان ئىمام (قازاق، دۆربىلجىن).

**بۆرتالا ئوبلاستىدىن:**قاسىم قارىي ھاجى (بورتالا شەھىرى)،سەيتپاتقالى ئىمام (قازاق، ئارشاڭ).

**قاراماي شەھىرىدىن:** مۇھەممەد تۇردى داموللا (قاراماي شەھىرى).

**ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن:** ئابلا قارىي ھاجى (مارالبېشى، 51-تۇەن)، يې سۇنشىن ئاخۇن (سانجى دېھقانچىلىق مەيدانى)، غوپۇر ئىمىن ئىمام (مارالبېشى 52-تۇەن).

**بېيجىڭدىكى مەركەز ئورۇنلىرىدىن:** شەمشىدىن ھاجى، ئابدۇرەھىم ئىمىن، زامالقان (قازاق،ئايال)، جۇماخۇن نىياز، ئېلسۇيەر (ئايال)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان شىنجاڭلىق ھەيئەت ئەزالىرى

(مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر)

ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، ھاجى ئەكبەر قوڭۇر (قازاق)، نىياز قارىي ھاجى (قىرغىز)، ئىبراھىم روزى، ئابدۇللەتىپ ئابدۇرەھىم داموللا، يەھياجان قارىي ھاجى، ما ئەنتەي ھاجى (خۇيزۇ)، سادىق قارىي ھاجى، زۇنۇن قارىي ھاجى، مۇھەممەد ئىسرائىل قارىي ھاجى، بەدىردىن مەخسۇم ھاجى، ئابدۇسەمەت ھاجى ھوشۇر، سەدىردىن خان (تاجىك)، ئابلىمىت خان مامۇت، ئابلىمىت داموللا، سەيدىن ئۆمەر قارىي ھاجى، ئوبۇلھەسەن داموللا، ئابلەت مەخسۇم ھاجى، جارۇللا قارىي ھاجى، ئابلىمىت يەھيا ئىمام، يۇنۇس قۇربان داموللا، ئابلا ئايۇپ ھاجى، قۇدرىتۇللا مەخسۇم ھاجى، ئالىم پولات قارىي ھاجى، ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى، بارات داموللا ھاجى، غوپۇر كېرىم داموللا، ما خۇڭۇۋ ھاجى (خۇيزۇ)، گاۋ فېي (خۇيزۇ)، ئەمەت يەھيا ھاجى، رەجەپ ھاپىز ھاجى، بەي شۇمىڭ ئاخۇن (خۇيزۇ)، شېرىپجان داموللا ھاجى، مەخمۇت تۇرسۇن داموللا ھاجى، ئابدۇراخمان سماغزام ئىمام (قازاق)، ما شۇشىن ئاخۇن (خۇيزۇ)، ئىبراھىم ۋۇ جىگۋاڭ (خۇيزۇ)، لى چىڭيۈەن ئاخۇن (خۇيزۇ)، ئاخات موللا (قازاق)، ئەبەيدۇللا ھاجى، ما يىشاۋ ئاخۇن (خۇيزۇ)، تۇنىياز موللا (تاتار)، ما يۈيلىن ئاخۇن (خۇيزۇ)، ئابلىمىت ھاجى، ما جىنسەي ئاخۇن (دۇڭشياڭ)، ئابدۇرىشىت قارىي ھاجى، قادىرجان ئۆمەر قارىي ھاجى، نۇرتاي ھاجى، ئابلەت يۇنۇس ئىمام، خالمەت چىكىر ئىمام (قازاق)، قاسىم قارىي ھاجى.

**بىڭتۇەندىن:** ئابلا قارىي ھاجى، يې سۇنشىن ئاخۇن (خۇيزۇ)

**بېيجىڭدىن:** شەمشىدىن ھاجى، ئابدۇرەھىم ئىمىن، زامالقان (ئايال،قازاق)، جۇماخۇن نىياز،ئېلسۇيەر (ئايال)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 2000-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

ئادىل ھاجى كېرەم

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۇنفۇ ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 29-كۈنىگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا مۇلازىمەت خىزمىتىدە بولدى.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 24 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن 2200 دىن ئارتۇق مۇسۇلماننى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى. شۇنداقلا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللا شې شېڭلىن باشچىلىقىدىكى 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكىمۇ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل دۇنيا بويىچە مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون بولۇپ، بۇلاردىن 160 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن ھاجىلار 1 مىليون 260 مىڭ ئەتراپىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار 740 مىڭ بولغان. بۇ يىل چەت ئەلدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ سانى يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئەڭ كۆپ بولغان.

جۇڭگو ھاجىلىرى 2-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 2-ئاينىڭ 29-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان سەككىز ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئارقىلىق يولغا چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ساق-سالامەت يېتىپ باردى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، ئازادە ۋە خاتىرجەم ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئالدىن ياتاق تەييارلاش، ئايرودرومدا كۈتۈۋېلىش، مەككە-مەدىنەگە ئۇزىتىش، شۇنىڭدەك مىنا، ئەرافات رايونىدىكى يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ھەمدە ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتەك بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا، ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان كەئبە بەيتۇللانى غەسىل قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش، قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولۇش، جۇڭگونىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈي شىڭجىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ۋەزىرى ئىياد ئىبنى ئەمىن مەدەنىنى زىيارەت قىلىش، ھەج ۋازارىتىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى ۋە زىياپىتىگە قاتنىشىشتەك بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆمەك باشلىقى يەنە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئىبنى سالىھ ئەلئەبەيدىنى زىيارەت قىلىپ دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكىنى

كۈتۈۋاتقانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. ئۆمەك باشلىقى دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ رەئىسى ئەھمەد مۇھەممەد ئەلىنى زىيارەت قىلغاندا، بانكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىسلام مائارىپى ساھەسىگە قىلىۋاتقان ھەقسىز ياردىمىگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «ئۇكاز»، «ئىسلام دۇنياسى» قاتارلىق گېزىتلىرىدە جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەربابلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە يېزىق-سۈرەتلىك خەۋەرلەر بېرىلدى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ 3-ئاينىڭ 29-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى

**ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا داغدۇغىلىق زىياپەت بېرىپ، بېيجىڭدىكى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن(خۇيزۇ)، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جى پېيدىڭ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ماھنۇر قاسىم، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى ئىبراھىم، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ خانىمى ئايىم ئەزىز قاتارلىقلار ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بىر قىسىم مۇسۇلمان ۋەكىللەر ھەم ھەيئەت ئەزالىرى زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، قۇربان ھېيتنى مۇبارەكلىدى ۋە بىللە ھېيت ئۆتكۈزدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ھەيئىتى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى ھەيئىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىش جەمئىيىتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ھەمدە بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار ۋە ھەر مىللەت خادىملىرى بولۇپ 300 دەك كىشى تەكلىپكە بىنائەن زىياپەتكە داخىل بولدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، شەمشىدىن ھاجى، سىددىق ما جۇڭجې، مەسلىھەتچىلىرى ھاجى ئىلياس شېن شياشى، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نۇئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئابدۇرەھمان نا جۇڭ قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن بىللە بولدى.

زىياپەتكە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان (جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق) رەھبەرلىرىنى مېھمانلارغا بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاندىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ھېيتلىق تەبرىك نۇتقى سۆزلەپ، ئالدى بىلەن زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغان مەركەز رەھبەرلىرىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە مۇسۇلمان مېھمانلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىدى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ”بۇ يىل 1-ئايدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر

يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى ۋە يېڭىدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە، جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە ساغلام راۋاج تېپىشىنى يۇكسەلدۈرىمىز. ھازىر مەملىكىتىمىز غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە رونەق تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ناھايىتى ياخشى پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام ئەللىرىدىكى كارخانا ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇسۇلمانلار رايونلىرىغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشى ۋە سودا قىلىشى ئۈچۈن ۋاستىلىك ۋە كۆۋرۈكلۈك رولىمىزنى ئاكتىپلىق بىلەن ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئېگىللىكىنىڭ رونەق تېپىشى ئۈچۈن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشىمىز.

## قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2000-يىل 2-ئاينىڭ 20-، 21-كۈنلىرى قەشقەر مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق چاقىرىلدى. يىغىنغا ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە(شەھەر)دىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، 100 كىشى قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مىرزاي دوسمۇھەممەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مۇھەممەت ئىمىن ئوسمان، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مىرزاي دوسمۇھەممەت يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىن باشلىنىشتا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ نائىب خاتىپى ئابدۇقادىر قارىي ھاجى قىرائەت قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىنىڭ 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 46 ھەيئەت ئەزاسى، 25 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىر رەئىس، سەككىز مۇئاۋىن رەئىس، بىر باش كاتىپ، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپتىن تەركىب تاپقان يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى، يىغىن قارارى، يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ۋىلايىتىمىز-دىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىقارغان تەشەببۇسنامىسى قاتارلىق قارالمىلىرى قاراپ چىقىلىپ مۇزاكىرە قىلىندى ھەممە بىردەك ماقۇللاندى.

يىغىن جەريانىدا ۋەكىللەر رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى، شۇنداقلا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ تالىپ تەربىيىلەش مەسىلىسىنى تېزرەك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەسىلە-لىرى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئىجابىي پىكىرلەرنى بەردى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

## شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 3-قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 4-ئاينىڭ 27-كۈنى مەكتەپ بويىچە تالىپلار ئارىسىدا قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇ مەكتەپ بويىچە تالىپلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن 3-قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى بولۇپ، مۇسابىقە باشلىنىش ئالدىدا، 95-يىللىق سىنىپ تالىپى مۇھەممەت يۈسۈپ قارىي قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، سورۇندىكى كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسىنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى ھەمدە مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، قىرائەتكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئالاھىدە سۆز قىلدى. قىرائەت مۇسابىقىسىدە 95-يىللىق سىنىپ تالىپى ئابدۇقادىر داۋۇد بىرىنچىلىككە، 95-يىللىق سىنىپ تالىپى مامۇت ئوبۇل بىلەن 98-يىللىق تالىپى ئابدۇۋەلى ئىككىنچىلىككە، 95-يىللىق سىنىپ تالىپى مەھمۇد ئابدۇراخمان بىلەن 97-يىللىق سىنىپ تالىپى قەيسەر يۈسۈپ ۋە ئابدۇرەھىم ياقۇپلار ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. نەتىجىگە ئېرىشكەن تالىپلارغا مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، مۇئاۋىن مۇدىر ما خۇكسەنلەر ۋە بىر قىسىم ئۇستازلار مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى. ئاخىرىدا 95-يىللىق سىنىپ تالىپى ئىلياس قارىي خەتمە قۇرئان قىلىپ قىرائەت مۇسابىقە-سىنى ئاخىرلاشتۇردى.

**(مۇھتەرەم ھاجى)**

## قۇمۇل ۋىلايىتىدە غەسسالەلەر كۇرسى ئېچىلدى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىرلىكتە 99-يىلى 12-ئايدا غەسسالەلەر (ئايال مېيىت يۇغۇچىلار) كۇرسى ئاچتى. مېيىت يۇيۇپ-تاراش ئادەتلىرىمىزدىكى ئالاھىدە ھادىسىلەر ۋە بىدئەت ئىشلارنى تۈزىتىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش، مېيىت يۇيۇپ-تاراش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ شەرىئەت ئىزىغا سېلىش ۋە بىر قىسىم تاغلىق رايون، چەت-ياقا يېزا-كەنتلەردە ئايال مېيىت يۇغۇچى خادىملارنىڭ كەم بولۇشى قاتارلىق ئىشلارنى ھەل قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ كۈنلۈك كۇرس ئېچىلغانىدى. كۇرسقا ۋىلايەت بويىچە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا-كەنتلەردىكى مەلۇم دىنىي بىلىم ئاساسى بار، بۇ ھەقتە تەجرىبىلىك ھەم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خالىس مۇلازىمەت قىلىشنى خالايدىغان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ ئاياللىرىدىن بولۇپ 45 كىشى قاتناشتى. كۇرسقا ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىن مەخسۇس خادىم تەكلىپ بىلەن كېلىپ، "ئانا-بالىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى" دىن لېكسىيە سۆزلەپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھوقۇقى، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردى. ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپنىڭ مۇدەررىسلىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مېيىت ئۇزىتىش، مېيىتنى يۇيۇپ-تاراش ئادەتلىرى، تەرتىپ، قائىدە-يوسۇنلىرىنى ھەمدە ئەسلى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە يوق بىر قىسىم قىلمىشلارنى توسۇش، مېيىتنى ئاددىي-ساددا ئۇزىتىشنىڭ ساۋابلىق تەرەپلىرىنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىكى دەلىللەر بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈردى؛ كۇرسانتلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش، ئايال ئېتىقادچى ئاما ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىدئەت ئىشلارغا تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىش ئارقىلىق كۇرسقا قاتناشقان ئاياللارنىڭ مېيىت ئۇزىتىش جەھەتتىكى تونۇشىنى ئۆستۈردى، مېيىت يۇيۇشنىڭ ئۇسۇلى، رەت-تەرتىپلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

كۇرسقا قاتناشقان ئاياللار ئۈچ كۈنلۈك ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىنى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يېزا-كەنتلەردە مېيىت ئۇزىتىشتىكى توغرا كەيپىيات ۋە ئۇسۇللارنى تەشەببۇس قىلىپ، بولمىغۇر ئادەتلەرنى تۈزىتىپ، مېيىتنى ئەسلى قائىدىسى بويىچە ئۇزىتىش ئۈچۈن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**(يۇنۇس ھاجى سادىق)**

## قاغىلىق ناھىيىسىدە 10-نۆۋەتلىك دىنىي زاتلار كۇرسى ئېچىلدى

قاغىلىق ناھىيىسى دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن 1999-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 2000-يىل 2-ئاينىڭ 16-كۈنىگىچە بولغان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى يېزا-بازار، مەيدانلاردىكى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان، دىننى سۆيىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياش 83 كىشىنى تەشكىللەپ 10-نۆۋەتلىك دىنىي زاتلار كۇرسى ئاچتى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆكۈل

www.uyghurkitap.com

قويۇپ تەشكىللىشى، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىلىق ئېچىلغان بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ خىراجەتلىرى شەھەرلىك ئىش ئورنى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىدىن ئىبارەت "ئۈچ تەرەپ بىرئازدىن چىقىرىش" ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىندى. بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ باشتىن-ئاخىر ياخشى ئېچىلىشى ئۈچۈن مۇشۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىمىت مامۇت غوجا باشچىلىقىدا يەتتە كىشىلىك يېتەكچى گۇرۇپپا قۇرۇلدى. دىنىي دەرس 70 پىرسەنتنى، سىياسەت-قانۇن دەرسى 30 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان بۇ كۇرستا قاغىلىق چوڭ جامەنىڭ خاتىپى ھامۇتخان داموللا، قاغىلىق چوڭ جامەنىڭ ئىمامى ئابلەت ئابدۇۋايىت، قاغىلىق بازار بېكەت ئالدى مەسچىتىنىڭ خاتىپى ھېبىبۇللا ھېززۇللا، جايتېرەك چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئامانۇللا ئوبۇلقاسىم قاتارلىق ئاتاقلىق ئۆلىمالار «ئىبادەتۇل ئىسلامىيە» ، «ئاقايىت زۆرۈرىيە» قاتارلىق دىنىي دەرسلەردىن سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈپ كۇرسانتلارنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇردى. كۇرستا يەنە بىرلىك سەپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سىياسەت-قانۇن بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتتى. كۇرس مەزگىلىدە سىناق ئېلىنىپ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغان ئالتە كۇرسانت ۋە تۆت مۇدەررىس ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. **(سىدىق تۇردى)**

## گۇما ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش خىزمىتى باشلاندى

دىنىي زاتلار قوشۇننى زورايتىپ، ئۇلارنىڭ ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا ئىزباسارى بولماسلىق، چەت-ياقا جايلاردىكى بىر قىسىم دىنىي زاتلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىش يۈزىسىدىن گۇما ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. بۇ خىزمەت باشلىنىشتىن ئاۋۋال يېزا-بازار مەسئۇللىرى، بىرلىك سەپ كادىرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە تەربىيىلىنىدىغان تالىپلاردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دىنىي زاتلار تالىپلارنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ياخشى بىلىم بېرىدىغانلىقىنى، تالىپلارمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەل-جامائەتنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىم 12 دىنىي زاتقا 35 تالىپنى تەربىيىلەپ چىقىش ۋەزىپىسى بېرىلدى. تەربىيىلىنىدىغان تالىپلار يېشى 18دىن ئاشقان، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى تاماملىغان، ئىدىيىسى، ئەخلاقى ياخشى بولغان ئوغۇللاردىن تاللاپ چىقىلدى.

ھەربىر دىنىي زاتقا ئىككىدىن ئۈچكىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تالىپلار شۇ دىنىي زاتنىڭ ئائىلىسىدە ئىككى يىل تەربىيىلىنىدۇ. تالىپلارغا مەخسۇس تالىپلىق كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇلارغا 70 پىرسەنت دىنىي دەرس، 30 پىرسەنت سىياسەت-قانۇن دەرسى ئۆتۈلىدۇ.
**(ئابدۇلئەھەت ئالىم)**

## تۇرپاندا ئوقۇۋاتقان قارامايلىق تالىپلار مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتتى

قاراماي شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان سەككىز نەپەر تالىپ 2000 -يىلى 4 -ئاينىڭ 30 -كۈنى ئىككى يىللىق ئوقۇش مۇددىتىنى تاماملاپ، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى چوڭ يىغىن ئېچىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇزىتىش مۇراسىمىغا دىنىي سىنىپتىكى مۇدەررىس-ئۇستازلار ۋە تالىپلاردىن بولۇپ 80دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ تالىپلارغا ئىككى يىل ئوقۇش جەريانىدا سالادى مەسئۇدىيە، مۇختاسارۋەقايە، ئىبادەتۇل ئىسلامىيە، قىرائەت، تەجۋىد، بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەتلىرى، شۇنداقلا نامازنىڭ شەرتلىرى، قائىدە-قانۇنلىرى، جۈمە، ھېيت نامازلىرىنىڭ خۇتبەلىرى، جىنازە نامىزى، نىكاھ ئوقۇش، بوۋاقلارغا ئىسىم قويۇشنىڭ قائىدىلىرى قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشقا تېگىشلىك ئەقەلىي ساۋاتلاردىن ۋە سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىدىن سىستېمىلىق قىلىپ دەرس ئۆتۈلدى. **(شاھمەردان ئىمىننىياز)**

# تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▲ پىچان ناھىيە پىچان بازىرى ئۇيغۇر جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېقىب داموللا ھاجى ئېتىقادچى ئاممىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەش بىلەن بىللە ئۇلارنى مائارىپقا، نامراتلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە تەشكىللىگەچكە، ئالدىن بېيىغان ئۈزۈم سودىگىرى مۇھەممەت تۆمۈر 15 مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئابدۇرېقىب داموللا بىلەن بىرلىكتە قۇربان ھېيت ھارپىسىدا تويۇق يېزىسىدىكى نامرات 250 ئائىلىدىن ھال سوراپ ھەربىر ئائىلىگە بىر خالتىدىن ئۇن، ئىككى كىلودىن ياغ تارقىتىپ بەردى. (شاھمەردان ئىمىنىياز)

▲ پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان بازىرىدىكى دىنىي زاتلار ئۆتكەن يىلى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە 5710 يۈەن نەق پۇل، 5730 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى ھەمدە "مائارىپنى قوللىغانلىق—ئەۋلادلارنى ئويلىغانلىق" دەپ قاراپ، مائارىپقا 2070 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. دىنىي زاتلار يەنە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتىمۇ باشلامچى بولدى. (كېرەم روزى)

▲ تۇرپان شەھىرى يار يېزا يارغول 4-كەنت جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مۇھەررەم قارىي ھاجى ئۆز كەنتىنىڭ ئىچملىك سۈنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى، يەنە قىيىنچىلىقى بار بىر ئائىلىگە قۇربان ھېيتلىق 250 يۈەن نەق پۇل، بىر خالتا ئۇن، ئىككى پارچە كىگىز ياردەم قىلدى. (شاھمەردان ئىمىنىياز)

▲ خوشۇت ناھىيە ئۇششاقتال خويزۇ مىللىي يېزا تەۋەسىدىكى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلار ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن چېكىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بەش ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە باشقا خىراجىتى ئۈچۈن 460 يۈەن ئىئانە قىلدى، كېيىنكى يىللىرىمۇ بارلىق ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى ۋە تىرىشىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇنداقلا، بۇ يېزىدىكى دىنىي زاتلار پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئېتىقادچى ئاممىنى كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش، مۇھىتنى ياخشىلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، 8000 تۈپ قارىياغاچ، 480 تۈپ سۆگەت تىكىپ پەرۋىش قىلدى. (ھامۇتجان مامۇت)

▲قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزا ئاراقىيەر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات نىزام قارىي ھاجى 1999-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى 95 يېشىدا ۋاپات بولغانىدى، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ۋە نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنىڭ ئاددىي ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، نەزىرگە ئاتالغان 4000 يۈەن پۇلنىڭ ئۇنىڭ ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر جەمئىيەتكە تارقالغاندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئاراقىيەر مەسچىتىدە 50 يىلغا يېقىن ئىمام ۋە خاتىپ بولغان، ئۇ ھەر ۋاقىت توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى يىغىنچا، ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەنىدى، پەرزەنتلىرىگىمۇ شۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. ئۇ بىزگە بىر ياخشى نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتتى. (يۇنۇس سادىق)

▲ قارا شەھەر ناھىيىسىدە ئۆتكەن بىر يىلدا دىنىي ساھەدىكىلەر 18 مىڭ 580 يۈەن مەبلەغ توپلاپ نامراتلارغا ياردەم بەردى، مائارىپنى قوللىدى. ئۆتكەن يىلى يازدا بۇ ناھىيە 100 يىل مابەينىدە كۆرۈلمىگەن كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، دىنىي زاتلار ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەلكۈنگە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىۋاتقانلارغا 22 مىڭ 700 يۈەن قىممىتىدىكى يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئاپىرىپ بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 18-كۈنى 21 "بەشتە ياخشى مەسچىت"، 34 "بەشتە ياخشى دىنىي زات"نى شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. (ئوسمان تۇرسۇن)

# ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▲ قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جاڭگىلىئەسكى يېزىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت تۇردى ھاجى 80-يىللاردىن تارتىپ 1996-يىلغىچە بولغان 15 يىلدا دېھقانچىلىق بىلەن سودا-تىجارەتنى تەڭ تۇتۇپ يېزا بويىچە ئالدىن بېيىغان 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولۇپ قالدى. ئۇ بېيىغاندا ئەل-يۇرتىنىڭ، مائارىپنىڭ غېمىنى يەپ 1997- ۋە 1999-يىللىرى توغراقچاق 14-كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 2500 يۈەن نەق پۇل، مەكتەپتىكى 50 نامرات دېھقان پەرزەنتىگە 400 يۈەن قىممىتىدە 1000 دەپتەر ئىئانە قىلدى ھەمدە كەڭ ئاممىنى بۇ مەكتەپنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشقا تەشكىللىدى، بۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى دېھقانلار بۇ مەكتەپكە 11 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇ يەنە 1998-يىلى 2000 يۈەنگە 20 مىڭ دانە پىشىشىق خىش ئېلىپ بىر نامرات دېھقاننىڭ ئۆي سېلىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 1999-يىلى 11-ئايدا تۆگمەنچاق كەنت 3-مەھەللىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ ئۆيى ۋەيران بولغاندا ئۇلارغىمۇ 20 مىڭ دانە پىشىشىق خىش سېتىۋېلىپ ياردەم قىلدى ھەمدە 25 كىلوگرام بۇغداي بېرىش بىلەن بىرگە ئاممىنى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاما ئۇنىڭغا 500 كىلوگرام قوناق، 500 كىلوگرام بۇغداي، 13 تۇياق قوي، 38 پارچە يوتقان-كىگىز ئىئانە قىلدى؛ مۇھەممەت تۇردى ھاجى ئىئانە قىلىنىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاۋارلاشتۇرۇپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىر يۇرۇش يېڭى ئۆي سالدۇرۇپ بەردى. ئۇ يەنە تۆگمەنچاق كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقانغا 1997-يىلدىن بۇيان 3000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى، ئۆزىنىڭ قول تراكتورى بىلەن 15 دېھقاننىڭ 200 مو كېۋەز يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ، سۇلياۋ يېپىپ بەردى. 50 دېھقان ئائىلىسىنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان 5000 كىلوگرام ئاشلىق، 5600 دەن پاختىسىنى ھەقسىز توشۇپ بەردى. 1997-يىلدىن بۇيان مۇھەممەت تۇردى ھاجى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە ئىئانە قىلغان ئومۇمىي نەق پۇل 10 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئاشلىق 2350 كىلوگرامغا، گۈرۈچ 125 كىلوگرامغا، ئۆسۈملۈك مېيى 15 كىلوگرامغا، كۆمۈر ئۈچ تونىنغا، قوي، ئۆچكە بەش تۇياققا، كۆكتات بىر تونىنغا يەتتى.

ئەل سۆيگەننى ئەلمۇ سۆيىدۇ، ئەل ئۈچۈن قىلىنغان ياخشى ئىش ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدۇ، مۇھەممەت تۇردى ھاجى يۇقىرىقىدەك ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغاچقا، ناھىيە ۋە يېزا بويىچە "مائارىپنى قوللاش ئۈلگىسى" قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. **(سىدىق تۇردى)**

▲ باي ناھىيە باي بازىرى كۆكتاتچىلىق كەنتىدىكى خۇيزۇ دېھقان ما جۇڭفۇ بېيىغاندا "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەر، نامرات، ئىگە-چاقىسىز، يېتىم-يېسىرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلارنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن 1998-يىلدىن ھازىرغىچە ئۇلارغا جەمئىي ئون مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدە 5500 كىلوگرام ئۇن، گۈرۈچ ۋە 1200 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. يېقىندا ئۇ يەنە 5200 يۈەن قىممىتىدە 150 خالتا ئۇن سېتىۋېلىپ 103 ئائىلە، 452 نوپۇسلۇق بەشتە كاپالەتلىك ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقى بار نامراتلارغا ھەقسىز ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەڭگىللەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئالىيجاناب روھى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. **(ئەلى نۇر)**

▲ مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزا باغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەخمەت ئىمىن ھاجى 1996-يىلى كەنت ئەتراپىدىكى جاڭگالدىن 20 مو بىنەم يەر ئېچىپ باغ ئەھيا قىلغانىدى. بۇلتۇر 10-ئايدىن بۇ يىلنىڭ بېشىغىچە شۇ بېغىدىن 12 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلدى، ئۇ پۇل تاپقاندا ئەلنى ئۇنتۇماي روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 30 كىلوگرام گۈرۈچ، 1000 كىلوگرام كۆمۈر، سەككىز قۇر كىيىم-كېچەك، 12 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى سېتىۋېلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى ئىگە-چاقىسى يوق سەككىز نامرات ئائىلىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىشلىق غەم-ئەندىشىسىنى يېنىكلەتتى. **(نۇرەخمەت موللا)**

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى جامالىددىن بەي شۇيى ئالەمدىن ئۆتتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى، مائارىپچىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى پروفېسسور جامالىددىن بەي شۇيى كېسەل سەۋەبى بىلەن 3-ئاينىڭ 21-كۈنى بېيجىڭدا 91 يېشىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

بەي شۇيى ئەپەندى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرىدە بىر خۇيزۇ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپتە شاڭخەيدىكى ۋېنجى ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جۇڭجو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1932-يىلى يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)دا ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ كەلگەن مۇھەممەد ما جيەن، ئابدۇرەھمان ناجۈڭ قاتارلىق خۇيزۇ ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە بىرقانچە خىل ئىسلام گېزىت-ژۇرناللىرىنى چىقارغان ھەمدە يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى، چۇڭچىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە نەنجىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئەللىمچىلىك قىلغان. بەي شۇيى ئەپەندى جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە خۇيزۇ تارىخى تەتقىقاتىغا ئاساس سالغان ئالىم. ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگونىڭ ئىسلام تارىخى ۋە خۇيزۇ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ۋە ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پىششىق خەۋەردار بولۇش كېرەك؛ ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىگىلەش لازىم؛ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش، مۇناسىۋەتلىك ئابىدىلەر ۋە شەخسلەر تارىخىنى ئۆگىنىش ھەم بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇش كېرەك؛ ئىسلام روھى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ پسىخىك ھالىتىنى بىلىش كېرەك. مانا بۇ ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام تارىخى ۋە خۇيزۇ تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى، «خۇيزۇ زاتلىرى تەزكىرىسى» ۋە «قىسقىچە خۇيزۇ تارىخى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغانىدى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئالىمى سالاھىيىتى بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ پاكىستان، ئالجىرىيە قاتارلىق ئەللەردە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىسلام ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، دۇنياغا جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مەدەنىيىتىنى، جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، ئىلىم-مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالە ۋە نۇتۇقلىرى ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئىسلام تارىخىغا دائىر ئاساسلىق ئەسەرلىرى: «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى تەتقىقاتى»، «ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى»، «قىسقىچە جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى»، «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى»، «خۇيزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، «قىسقىچە خۇيزۇ تارىخى»، «مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭلىرى»، «خۇيزۇ زاتلىرى تەزكىرىسى»، «جۇڭگو ئىسلام تارىخى تېزىسلىرى»، «جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا دائىر ئەسەرلەر» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار ئۇنىڭ ياش مۇسۇلمان ئىلىم تەھسىلچىلىرىگە، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسىدۇر.

بەي شۇيى ئەپەندى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، بىرمۇنچە ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنى زىيارەت قىلغان، مەككەمۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلغان. 1982-يىلدىن بىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس، مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ كەلگەن، يىغىنلاردا يېڭى دەۋردىكى ئىسلام دىنى خىزمىتى، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم

جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ كەلگەن. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جۇڭگو ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيە-تىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمە-تىگە سازاۋەر بولغان.

بەي شۇيى ئەپەندىنىڭ كېسەلى ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالغان مەزگىلدە ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، لى پېڭ، لى رۇيخۇەن، لى لەنچىڭ، دىڭ گۇەنگېن، لى تېيىڭ، شۇي جيالۇ، ۋاڭ جاۋگو، ئاپپى ئاۋاگجىنمېي قاتارلىقلار تۈرلۈك شەكىللەردە بەي شۇيى ئەپەندىدىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىغان. 3-ئاينىڭ 26-كۈنى ئالدى بىلەن بېيجىڭدىكى باباۋشەن قەبرىستانلىقىدا بەي شۇيى ئەپەندىنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پايتەختتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى لۇگوچياۋدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلاللىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈپ بەردى. جەسەت مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

## قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ 3-قېتىملىق "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ 3-قېتىملىق "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى 2000-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈنى قەشقەر مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق چاقىرىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مىرزاي دوسمۇھەممەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مۇھەممەت ئىمىن ئوسمان، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دىن كەلگەن "بەشتە ياخشى مەسچىت"، "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لار ۋەكىللىرى، ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلىك سەپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى شۇنداقلا ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بولۇپ 140 كىشى قاتناشتى.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مۇھەممەت ئىمىن ئوسمان بۇ يىغىندا سۆز قىلىپ، ۋىلايىتىمىز-دىكى دىنىي ساھەدىكى دوستلارنىڭ ئۆتكەنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىنىي سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللاش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە "بەشتە ياخشى" 41 مەسچىت، "بەشتە ياخشى" 50 نەپەر دىنىي زات ۋەكىللىرى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى. يىغىندا يەنە تۆت دىنىي زات ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ "قوش بەشتە ياخشى" بولۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇردى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۇ قېتىمقى "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىقارغان «تەشەببۇسنامە»سىنى بىردەك ماقۇللىدى. **(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)**

## قىسقا خەۋەرلەر

▲ يېزا ئىگىلىك 3-دۇئېزىيە 49-تۇەن مەيدان رەھبەرلىكى ئۆز تەۋەسىدىكى قىيىنچىلىقى بار مۇسۇلمانلاردىن 175 ئائىلىنى ئېنىقلاپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە يېتەكچى بولىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە 59 مىڭ 500 يۈەن ئاجرىتىپ ھەربىر ئائىلىگە 50 كىلوگرامدىن ئۇن، ئون كىلوگرامدىن ئۆسۈملۈك مېيى، ئىككى كىلوگرامدىن گۆش تارقىتىپ بەردى. شۇنداقلا، 53-تۇەن رەھبەرلىكى روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 2000-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 3-كۈنىگە قەدەر ئۆز تەۋەسىدىكى 156 كەمبەغەل مۇسۇلمان ئائىلىگە ئون مىڭ 800 يۈەن نەق پۇل، 1080 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى، 29 مىڭ 880 جىڭ ئاشلىق تارقىتىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

**(ئوسمان جۇمە، ھەسەنجان قارىي)**

▲ يېزا ئىگىلىك 3-دۇئېزىيە، 53-تۇەن، 5-لىيەندىكى مېيىپ تۇرنىساخان 1996-يىلى 2000 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغكە ئۇسكۈنە سېتىۋېلىپ، بۇ يىل 3-ئايغا قەدەر گىلەم توقۇپ سېتىپ 45 مىڭ يۈەن ئومۇمىي كىرىم، 30 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى ۋە تۆت شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

**(ھەسەنجان قارىي)**

▲ بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قاراشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يۇڭنىڭ بازىرى جۇڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ما خۇگۇ ھاجى 1999-يىلدىن بۇيان مەسچىت ئىچىدە 17 كىشىلىك "پەن-تېخنىكا مۇلازىمەت جەمئىيىتى" قۇرۇپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ جەمئىيەت ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت دېھقان-چارۋىچىلىرىنىڭ مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشلىرىغا خالىس مۇلازىمەت قىلدى. ھازىرغىچە ئۇلار 170 ھەر مىللەت ئائىلىگە مۇلازىمەت قىلىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ما خۇگۇ ھاجى ئىماملىق قىلىۋاتقان مەسچىتمۇ "بەشتە ياخشى مەسچىت" بولۇپ كەلدى، ئۆتكەن يىلى بۇ مەسچىت يەنە مەملىكەت بويىچە "100 ئۈلگىلىك مەسچىت"نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى

**(ئوسمان تۇرسۇن)**

▲ 2000-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدا ۋەزىپىدىكى 210 دىنىي زات قاتناشقان خۇلاسىلەش-تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاپ، ئۆزى باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رول ئوينىغان ئابدۇقادىر شېرىن داموللا ھاجى، جەرۇللا قارىي ھاجى قاتارلىق 41 نەپەر "بەشتە ياخشى دىنىي زات" ۋە بوستان كەنت جامە مەسچىتى، ئوچا كەنت جامە مەسچىتى قاتارلىق 37 "بەشتە ياخشى مەسچىت" 3500 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى.

**(غالىبجان مۇھەممەت)**

▲ گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1999-يىللىق نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 23 "بەشتە ياخشى مەسچىت"، 62 "بەشتە ياخشى دىنىي زات"نى باھالاپ تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى

**(ئابدۇلئەھەت ئالىم)**

▲ گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار نامرات، ئاجىز-بىچارىلەرگە بەش مىڭ يۈەندىن كۆپرەك قىممەتتە كىيىم-كېچەك، ئاشلىق، پۇل-پېچەك ئىئانە قىلىپ، ئاللا يولىدىكى خەير-ساخاۋىتىنى يەتكۈزدى.

**(ئابدۇلئەھەت ئالىم)**

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى www.uyghurkitap.com

# بىز ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال

مۇھەممەتجان سىدىق

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بېرى، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئالىملىرى، تەتقىقاتچىلىرى، كەسپىي خادىملىرى ۋە ئىسلامىيەت زوقمەنلىرىدىن تەركىپ تاپقان كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە قىزىقىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە تەتقىق-مۇھاكىمە قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. جۈملىدىن بىزگە ئوخشاش ئوقۇرمەنلەرگە مەنىۋى زوق بېغىشلاپ، كۆپچىلىك مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ژۇرناللىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ژۇرنالنىڭ «ئىسلام ئىلمىي تەتقىقاتى»، «ۋەز-تەبلىغ»، «ئىسلام ئەدەب-پەزىلەتلىرى»، «ئىسلام مائارىپى»، «ئالىم-ئۆلىمالار»، «تۆھپىكار دىنىي زاتلار» قاتارلىق سەھىپىلىرىگە بېرىلىۋاتقان ماقالىلەر ئوقۇرمەنلەردە ئۆزگىچە زوق قوزغاپ، ئۇلارنى ئىسلامىيەت ئىلمىدىن نۇرغۇنلىغان بىلىمگە ئىگە قىلدى، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار بولۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ بايلىق قارىشى، ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇجمەل كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېقىندىن ياردەم بەردى. ژۇرنال ۋە ژۇرنالغا بېسىلغان ماقالىلەر يەنە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىقىنى ئاشۇردى.

ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىمۇ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلام مائارىپى، دىنىي ئىشلار، ئىسلام تەتقىقاتى ۋە تاشقى ئىشلار خىزمەتلىرىنى ئاكتىپ ۋە سالماق قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەدەب-ئەخلاق، ئەنئەنىلىرىنى قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، كەڭ مۇسۇلمانلارنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلەش، تۇرلۇك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى ھۆرمەتكە ۋە قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئىسلامىيەت ئىشلىرىمىز ساغلام راۋاج تېپىۋاتىدۇ. "جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى" ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقىلىشىنىڭ ئۆزىلا سۆزىمىزنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»— ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشى ساھەسىدىكى بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى، شۇنداقلا، دىنىي ئەقىدىلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان دىنىي ژۇرنال، بىز بۇ ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

ھازىرقى پەيتتە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە يەنىمۇ ئېغىرلاشتى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بىز مۇسۇلمانلار ئەگەر يېڭى ئەسىردە ئۆزىمىزنىڭ ئورنىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشىمىز، ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ژۇرنالنىڭ سۈپىتى ۋە مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ۋە موللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

جانابىي ئاللا بىز مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلىغاي، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشى ساھەسىدىكى بىردىنبىر دىنىي ژۇرنال— «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان قىلغاي، ئامىن!

# ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقىت جەدۋىلى

(باش قىسمى 1999-يىل 3-4-سانلاردا)

## ھجرىيە 1432-يىل (مىلادىيە 2010- ۋە 2011-يىل ئىچىدە)

| هەپتە كۈنلىرى | ھجرىيە | مىلادىيە | ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| چارشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2010-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى | يېڭى يىل |
| جۈمە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 12-ئاينىڭ 17-كۈنى | ئاشۇرا |
| چارشەنبە | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 2011-يىل 2-ئاينىڭ 16-كۈنى | مەۋلۇد |
| سەيشەنبە | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 28-كۈنى | مىراج |
| شەنبە | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 16-كۈنى | بارات كېچىسى |
| دۈشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 8-ئاينىڭ 1-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| جۈمە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 26-كۈنى | قەدىر كېچىسى |
| چارشەنبە | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 8-ئاينىڭ 31-كۈنى | روزا ھېيت |
| دۈشەنبە | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 11-ئاينىڭ 7-كۈنى | قۇربان ھېيت |

## ھجرىيە 1433-يىل (مىلادىيە 2011- ۋە 2012-يىل ئىچىدە)

| هەپتە كۈنلىرى | ھجرىيە | مىلادىيە | ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| يەكشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2011-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنى | يېڭى يىل |
| سەيشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 12-ئاينىڭ 6-كۈنى | ئاشۇرا |
| يەكشەنبە | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 2012-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى | مەۋلۇد |
| شەنبە | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 16-كۈنى | مىراج |
| چارشەنبە | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 4-كۈنى | بارات كېچىسى |
| جۈمە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 7-ئاينىڭ 20-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| سەيشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 14-كۈنى | قەدىر كېچىسى |
| يەكشەنبە | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 8-ئاينىڭ 19-كۈنى | روزا ھېيت |
| جۈمە | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 10-ئاينىڭ 26-كۈنى | قۇربان ھېيت |

## ھجرىيە 1434-يىل (مىلادىيە 2012- ۋە 2013-يىل ئىچىدە)

| هەپتە كۈنلىرى | ھجرىيە | مىلادىيە | ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| پەيشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2012-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى | يېڭى يىل |
| شەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 11-ئاينىڭ 24-كۈنى | ئاشۇرا |
| پەيشەنبە | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 2013-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى | مەۋلۇد |
| چارشەنبە | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 5-كۈنى | مىراج |
| يەكشەنبە | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 23-كۈنى | بارات كېچىسى |
| سەيشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 7-ئاينىڭ 9-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| شەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 8-ئاينىڭ 3-كۈنى | قەدىر كېچىسى |
| پەيشەنبە | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 8-ئاينىڭ 8-كۈنى | روزا ھېيت |
| سەيشەنبە | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 10-ئاينىڭ 15-كۈنى | قۇربان ھېيت |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكتى
www.uyghurkitap.com

## ھىجرىيە 1435-يىل (مىلادىيە 2013- ۋە 2014-يىل ئىچىدە)

| ھەپتە كۈنلىرى | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| سەيشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2013-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى | يېڭى يىل |
| پەيشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 11-ئاينىڭ 14-كۈنى | ئاشۇرا |
| سەيشەنبە | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 2014-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى | مەۋلۇد |
| دۈشەنبە | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 26-كۈنى | مىراج |
| جۈمە | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 13-كۈنى | بارات كېچىسى |
| يەكشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 6-ئاينىڭ 29-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| پەيشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 24-كۈنى | قەدىر كېچىسى |
| سەيشەنبە | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 7-ئاينىڭ 29-كۈنى | روزا ھېيت |
| يەكشەنبە | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 10-ئاينىڭ 5-كۈنى | قۇربان ھېيت |

## ھىجرىيە 1436-يىل (مىلادىيە 2014- ۋە 2015-يىل ئىچىدە)

| ھەپتە كۈنلىرى | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| شەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2014-يىل 10-ئاينىڭ 25-كۈنى | يېڭى يىل |
| دۈشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 11-ئاينىڭ 3-كۈنى | ئاشۇرا |
| شەنبە | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 2015-يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنى | مەۋلۇد |
| جۈمە | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 15-كۈنى | مىراج |
| سەيشەنبە | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 2-كۈنى | بارات كېچىسى |
| پەيشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 6-ئاينىڭ 18-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| دۈشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 13-كۈنى | قەدىر كېچىسى |
| شەنبە | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 7-ئاينىڭ 18-كۈنى | روزا ھېيت |
| پەيشەنبە | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 9-ئاينىڭ 24-كۈنى | قۇربان ھېيت |

## ھىجرىيە 1437-يىل (مىلادىيە 2015- ۋە 2016-يىل ئىچىدە)

| ھەپتە كۈنلىرى | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| پەيشەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2015-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى | يېڭى يىل |
| شەنبە | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 10-ئاينىڭ 24-كۈنى | ئاشۇرا |
| پەيشەنبە | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 12-ئاينىڭ 24-كۈنى | مەۋلۇد |
| چارشەنبە | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2016-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى | مىراج |
| يەكشەنبە | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 22-كۈنى | بارات كېچىسى |
| سەيشەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 6-ئاينىڭ 7-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| شەنبە | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 7-ئاينىڭ 2-كۈنى | قەدىر كېچىسى |
| پەيشەنبە | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 7-ئاينىڭ 7-كۈنى | روزا ھېيت |
| سەيشەنبە | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 9-ئاينىڭ 13-كۈنى | قۇربان ھېيت |

ئىزاھ: * بەلگىسى قويۇلغان يىللار ھىجرىيىدىمۇ، مىلادىيىدىمۇ كەبىسە يىلى ھېسابلىنىدۇ.

(رەتلەپ ئىشلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)



بۇ يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جىنگۈي زىيارەتكە كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلامىيەت ئىشلىرى ۋەقپە ۋە دەئۋەت ۋازارىتى مېھمانلىرى بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشتى .

(سۈرەتنى سالىھ تارتقان )



قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2000-يىل 2-ئاينىڭ 20-، 21-كۈنلىرى قەشقەر مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . سۈرەتتە يىغىن سەھنىسىدىن بىر كۆرۈنۈش .

(سۈرەتنى ياقۇپ هاجى تەمىنلىگەن )




بۇ يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەكتەپ بويىچە تالىپلار ئارىسىدا 3-قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى . سۈرەتتە : مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن تالىپ ئابدۇقادىر داۋۇتقىرائەت قىلماقتا .

(سۈرەتنى مۆھتەرەم هاجى تەمىنلىگەن )

www.uyghurkitap.com

## ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى ساندا بېرىلىدىغان ئاساسلىق ماقالىلەر

- ▲ مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى خەۋەرلىرى
- ▲ «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەزمۇنلىرى
- ▲ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنىڭ بايانى
- ▲ ئەپۇچان ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇش — مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتى
- ▲ "ساۋاب" نىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى
- ▲ ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ !
- ▲ ئىسلام دىنىدىكى ئەمر - مەئرۇپ (ياخشىلىققا ئۈندەش) ۋە نەھيى - مۇنكەر (يامانلىقتىن توسۇش) توغرىسىدا

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 - يىللىق توپلىمىنى سېتىۋالغۇچىلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 - يىللىق توپلىمىدىن يەنە بىرئاز قىسمى بار . سېتىۋېلىشنى خالىغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پۇلنى يوللاپ بەرسە دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمىز . باھاسى 25 يۈەن (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . ئادرېسىمىز ۋە تېلېفون نومۇرى ژۇرنالدىكىدەك .

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ جايلاردىكى ژۇرنال سېتىش نۇقتىلىرى

قەشقەر "تەڭرىتاغ كىتابخانىسى" ، قەشقەر "ئاريا كىتابخانىسى" ، ئۈرۈمچى "تەڭرىقۇت كىتابخانىسى" ، ئۈرۈمچى "ئالتۇن ئاچقۇچ" كىتابخانىسى ، ئاتۇش "تەۋپىق كىتابخانىسى" ، كورلا جامە كىتاب دۇكىنى ، قۇمۇل "ئابدۇراخمان قارىم كىتابخانىسى" .

ژۇرنىلىمىزنىڭ تارقىتىش - سېتىش نۇقتىسى بولۇشنى خالىغۇچى باشقا كىتابخانا ، كىتاب يايمىسى ، كىتاب دۇكانلىرىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشىنى قارشى ئالىمىز . ژۇرنالنى يىللىق 100 دىن ئارتۇق ، ژۇرنال توپلىمىنى 30 دىن ئارتۇق سېتىشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارغا 20 پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ (پوچتا ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا) . ئادرېسىمىز ۋە تېلېفون نومۇرىمىز ژۇرنالدىكىدەك .

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

---

ISSN 1007-5836

9 771007 583001 06>

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)

2000 - يىل 2 - سان (ئومۇمىي 55 - سان) 2000 年第二期(总 55 期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B 刊号:

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 公开发行

باھاسى: 4.00 يۈەن 定价: 4.00 元